بسم الله الرحمن الرحيم

# ھىزبۇتتەھرىر چۈشەنچىلىرى

وقف لله تعالى

# بسم الله الرحمن الرحيم

## چۈشەنچىلەر

ھىجرىيىنىڭ 12-ئەسىر مىلادىيىنىڭ 18-ئەسىر ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ ئىسلام دۇنياسى ئۆز ئورنىدىن تېز سۈرئەتتە چۈشۈپ، قالاقلىق ۋە ئېرىگە مۇدھىش ھالدا غۇلاپ كېتىۋاتماقتا. ئۇنى ئويغۇتىش ياكى غۇلاپ كېتىشىنى توختىتىپ قېلىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئورۇنۇشلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئىسلام دۇنياسى ھېلىمۇ باش سىزلىق ۋە قالاقلىق قاراڭغۇلۇقلىرىدا تەمتىرەپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ، تېخىچە بۇ بىقارارلى- ۋە قالاقلىق ئەلەملىرىنى تارتماقتا.

بۇ قالاقلىقنىڭ بىرلا سەۋەبى ئىسلامنى چۈشۈنۈشتە زېھنىلىرىگە كېلىپ قالغان ئېغىر ئاجىزلىقتۇر. بۇ زەئىپلىكنىڭ سەۋەبى ھىجرىيىنىڭ 7-ئەسىردىن باشلاپ ئىسلامنى چۈشۈنۈش ۋە ئۇنى يەتكۈزۈشتە ئەرەب تىلىغا ئېتىۋار بەرمەسلىك نەتىجىسىدە ئەرەب تىلى قۇدرىتىنى ئىسلامىي قۇدرەتتىن ئاجرىتىپ قويۇشتا ئىدى. ئىسلام تىلى بولغان ئەرەب تىلىنى ئىسلامنىڭ ئاجرالماس تەركىبى قىسمىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن ئەرەب تىلى قۇدرىتى ئىسلام قۇدرىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلمىسىلا، قالاقلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆز قەئرىگە تارتىۋېرىدۇ. چۈنكى ئىسلامنى تولۇق شەكىلدە ئېيا-

تولۇق رەددىيەت مۇۋجۇتتۇر. بۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئورۇنۇشلىرى بەزى ئىسلامىي ھەقىقەتلەرنى زېھنىلەردىن يىراقلاشتۇرغان. شۇنىڭدەك ئۇلارنى ئىدراك قىلىشنى زەئىپلەشتۈرگەن ئەقىل ۋە ئەسىر قىلىشقا ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلامغا ئاداۋىتى بار ۋە ئۇنى يامان كۆرگۈچى بەزى كىشىلەر ئىسلام سىپىگە مۇناپىقلىق ھالدا كىرىپ كەلدى. بۇنىڭ ئىسلامغا ئۇرنىدىن بولمىغان، بەلكى ئۇنىڭغا مۇتلەق زىت بولغان چۈشەنچىلەرنىڭ يوشۇرۇنچە كىرگۈزۈلۈشىدە تەسىرى بولدى. بۇ ئەھۋال كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى بۇرمىلانغان چۈشىنىشلىرىگە ئېلىپ كەلدى. ھىجرىيىنىڭ 7-ئەسىرگە كېلىپ ئىسلامنى يېيىشتا ئەرەپ تىلىنى ئېتىبارسىز قالدۇرۇش بۇ ئىشلارغا قوشۇمچە بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ قالاقلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنىڭغا ھىجرىيىنىڭ 11-ئەسىردىكى مىلادىيىنىڭ 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ غەرب تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان ساقاپى ۋە مىسسىئونېرلىق ھۇجۇملىرى، كېيىن سىياسىي ھۇجۇملار قوشۇمچە بولدى. بۇ نەرسە دەرت ئۈستىگە چىپقان ۋە ئىسلامىي جەمئىيەتتىكى بۇرۇنقى تۈگۈنچىلەرگە قوشۇلغان يېڭى تۈگۈنچە بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇسۇلمانلار ئىسلامىي پىكرەتنى خاتا تەسەۋۋۇر قىلىشلىرىدا كۈچلۈك تەسىرى بولدى، ھەتتا ئىسلامىي پىكرەت زېھنىلەردە ھەقىقىي ئوچۇقلۇقىنى يوقاتتى.

ئىسلامىي تەرەققىيتكە كەلسەك، مۇسۇلمانلار ئۇنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىشنى ئاستا-ئاستا يوقاتتى. ئالدىدا مۇسۇلمانلار شۇنى بىلەتتىكى: ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى بار بولۇشلىرى



بىلەن قۇدرىتىگە ئىگە بولغان ۋە ئىسلام قۇدرىتى بىلەن ئايرىلىشىپ كەتكەن يالغۇز تىل ئەرەپ تىلىدۇر. بۇ تىلغا ئېتىبار بەرمەسلىك بىلەن شەرىئەتتە ئىجتىھاد يوقۇلىدۇ. شەرىئەتتە ئىجتىھاد پەقەت ئەرەب تىلى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلى ئىجتىھاددىكى ئاساسىي شەرتتۇر. ئىجتىھاد ئۈممەت ئۈچۈن زۆرۈردۇر. چۈنكى ئۈممەتنىڭ تەرەققىياتى پەقەت ئىجتىھاد بىلەندۇر.

مۇسۇلمانلارنى ئىسلام ئاساسىدا ئويغىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ئورۇنۇشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكقا ئۇچراش سەۋەبلىرى ئۈچ تۈرلۈكتۇر:

بىرىنچىسى، ئويغىنىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلار تەرىپىدىن ئىسلامىي پىكرەتنىڭ نازۇك چۈشىنىلمىگەنلىكى. ئىككىنچىدىن، بۇ پىكرەتنى ئىجرا قىلىشتىكى ئىسلامنىڭ تەرىقىتى ئۇلاردا تولۇق روشەن بولمىغانلىقى. ئۈچۈنچىدىن، ئۇلار ئىسلام پىكرىتىنى ئىسلام تەرىقىتى بىلەن ئاجرالمايدىغان دەرىجىدە مۇستەھكەم باغلاپ ئالمىغانلىقىدۇر.

ئىسلام پىكرىتىگە كەلسەك، ئۇنىڭ كۆپ نازۇك جەھەتلىرىنى كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارغا نائېنىق قىلىپ قويغان خىرەلەشتۈرۈش ئامىللىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ خىرەلەشتۈرۈش ئامىللىرى ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى ئەسىرى باشلىرىدىن تا مۇستەملىكە كەلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. ھىند، فارس ۋە يۇنانغا ئوخشاش ئەجنەبىي پەلسەپەلەرنىڭ بەزى مۇسۇلمانلارغا تەسىرى بولغان ئىدى. بۇ تەسىر ئۇلارنى ئىسلام بىلەن مەزكۇر پەلسەپەلەرنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئورۇنۇشلىرىغا مەجبۇر قىلدى. ھالبۇكى ئۇلار بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدا

بەقەت ئىسلام ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنىكى ۋەزىپىسى ئىسلامىي دەۋەتنى ئېلىپ بېرىش، ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى بولسا دۆلەت ئىچىدە ئىسلامنى تەتبىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش، سىرتتا بولسا ئىسلامىي دەۋەتنى ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ تەرغىبىتى دۆلەت ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان جىھاددۇر) دېيىمىزكى، مۇسۇلمانلار شۇلارنى بىلگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاۋۋال مال - دۇنيا تېپىش، كېيىن شارائىت توغرا كېلىپ قالسا پەندە - نەسىھەت قىلىش دەپ بىلىدىغان بولۇپ قالدى. دۆلەت بولسا ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتىكى بىپەرۋالىقىدا ھەمدە ئىسلامنى يېيىش ئۈچۈن الله يولىدا جىھاد قىلماسلىقتا ئۆزىنى ئەيىبلىك دەپ ھېس قىلماي قويىدى. كېيىن مۇسۇلمانلار ئۆز دۆلەتلىرىنى - زەئىپ ۋە سۇس بولسىمۇ - يوقاتقاندىن كېيىن ئىسلامنىڭ قايتىپ كېلىشى مەسچىتلەرنى قۇرۇش، كىتابلارنى چىقىرىش ۋە ئەخلاقى تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ دەپ ئويلايدىغان، كۆپىرنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولۇپ مۇستەملىكە قىلىشىغا لام - جىم دېمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇلار پىكرەت ۋە تەرىقەت ھەققىدەدۇر. ئەمما ئىككىسىنى بىر - بىرىگە باغلاش مەسىلىسىگە كەلسەك، مۇسۇلمانلار مۇئامىلارنىڭ مۇئالىجىسىگە، يەنى پىكرەتكە ئالاقىدار بولغان شەرئى ھۆكۈملەرگە ئېتىۋار بېرىپ، مۇئامىلارنى مۇئالىجە قىلىش كەيپىياتىنى، يەنى تەرىقەتنى بايان قىلىدىغان ھۆكۈملەرگە ئەھمىيەت بەرمەي قويىدى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش تەرىقىتىدىن، ئاجراتقان ھالدا ئۆگۈنۈش كۆچەيدى. ئۇلار ناماز، روزا، نىكاھ، تالاق ھۆ-



كۈملىرىنى ئۆگۈنۈپ، جىھاد، ئولجا، خەلىپىلىك، قازىلىق، خىراج ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگۈنۈشكە ئېتىۋار بەرمەي قويىدى. ئۇنىڭ بىلەن پىكرەتنى تەرىقەتتىن ئاجرىتىپ قويۇشتى. نەتىجىدە تەرىقەتتىن ئاجرىتىپ قويۇلغان پىكرەتنى ئىجرا قىلىش ئىمكانسىز بولۇپ قالدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھىجرىيىنىڭ 13. (مىلادىيىنىڭ 19.) ئەسىر ئاخىرلىرىغا كېلىپ، ئىسلامىي شەرىئەتنى جەمئىيەتكە تەتبىق قىلىش يولىنى خاتا چۈشۈنۈش قوشۇلدى. نەتىجىدە ئىسلام ھازىرقى جەمئىيەتكە مۇۋاپىق كېلىشى ئۈچۈن نۇسۇس (ئايەت ۋە ھەدىس) لەرنى كۆتۈرمەيدىغان مەنىلار بىلەن تەپسىر قىلىنىشقا باشلىدى. ئەسلىدە جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسلامنى تەپسىر قىلىشقا ئورۇنۇش ئەمەس، ئىسلامغا مۇۋاپىق بولۇشى ئۈچۈن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش لازىم ئىدى. چۈنكى مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ يەردە بىرەر مەبدەئ ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىش كۆزدە تۇتۇلۋاتقان بۇزۇق جەمئىيەت مەۋجۇت. دېمەك، مەبدەئنى قانداق بولسا شۇنداقلاچە تەتبىق قىلىش ۋە جەمئىيەتنى پۈتۈنلەي شۇ مەبدەئ ئاساسىدا تۈپتىن ئۆزگەرتىش لازىم. يەنى ئىسلاھاتچىلار جەمئىيەت، ئەسىر، زامان ياكى ماكانغا قارىماستىن ئىسلام ھۆكۈملىرىنى قانداق كەلگەن بولسا شۇنداقلاچە تەتبىق قىلىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇلار بۇنداق قىلمىدى، بەلكى ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئەسىرگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەئۋىل قىلدى. ئۇلار كۈللى ۋە جۈزئى مەسىلىلەردىمۇ شۇ خاتاغا شۇڭغىدى. ئۇلار شۇ قاراشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان كۈللى قائىدىلەر ۋە جۈزئى ھۆكۈملەرنى ئىشلەپ چىقتى.

ەنى ئۇلار «زامان ئۆزگىرىشى بىلەن ھۆكۈملەرنىڭ ئۆزگى-
رىشى ئىنكار قىلىنمايدۇ»، «ئادەت ھاكىمدۇر» گە ئوخ-
شاش ۋە باشقا بىرنەچچە خاتا كۈللى قائىدىلەرنى قوبۇل
قىلدى ھەمدە شەرىئەت تەرەپتىن بىرەر ئاساسقا ئىگە بولمى-
غان ھۆكۈملەرگە، بەلكى قۇرئاننىڭ قەتئى نۇسۇسلىرىغا
ىت بولغان ھۆكۈملەرگىمۇ پەتىۋا بەردى. مەسىلەن، ئىككى
ھەسسە ئەمەسلىكىنى ۋە يېتىمنىڭ مالىنى كۆپەيتىش زۆرۈر-
لىكىنى ھۆججەت قىلىپ، ئاز پىرسەنتلىك جازانىغا رۇخسەت
بەردى. «شەرئى قازى» دەپ ئاتىلىدىغان قازى يېتىملارنىڭ
تۇپلانغان مالىدىن جازانىغا رۇخسەت بېرىشكە باشلىدى. شۇ-
نىڭدەك «نىزامى قازى» دەپ ئاتىلىدىغان قازىمۇ جازانىغا
رۇخسەت بېرىدىغان بولدى. ھەدلەرنى توختىتىشقا پەتىۋا
چىقىرىپ، جازا قانۇنلىرىنى ئىسلامىي بولمىغان مەنبەلەر-
دىن ئېلىشقا رۇخسەت بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار «ئە-
سىرگە مۇۋاپىقلىقنى» ۋە «شەرىئەت ھەربىر ئەسىر، زامانغا
ۋە ماكانغا مۇۋاپىق كېلىشى زۆرۈرلىكىنى» ھۆججەت قىلىپ
شەرىئەتكە زىت ھۆكۈملەرنى چىقاردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە
ئىسلام ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇلدى. ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇ
بۇرمىلانغان چۈشەنچە ۋە خاتا ھۆكۈملەر ئارقىلىق مۇسۇلما-
لارغا ئۆز قانۇن ۋە مەبدەئلىرىنى كىرگۈزدى. مۇسۇلمانلار
ئىسلام ھەرقانداق زامان ۋە ماكانغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، دېگەن
بۇرمىلانغان چۈشەنچە زېھنىلىرىدە ئورۇنلىشىپ قالغىنى ئۈ-
چۈن دۈشمەنلەرنىڭ مەبدەئ ۋە قانۇنلىرىدا ئۆز دىنلىرىغا ھېچ-
قانداق زىددىيەت كۆرمىدى. ئىسلام مەبدەئى ۋە ئۇقتىسىنەزەد-
رىگە زىت كەلسىمۇ ھەرقانداق ئېقىم، مەبدەئ، ھادىسە ۋە
قائىدىگە مۇۋاپىق كېلىشى ئۈچۈن ئىسلامنى تەئۋىل قىلىش



كۆپچىلىكنىڭ تىلىدىن چۈشمەي قالدى. بۇ ھال ئىسلامنى
ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇشقا ياردەم بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر
ناتوغرا چۈشەنچە ئاساسىدا قىلىنىدىغان ھەرقانداق ئىسلامىي
ھەركەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىشى مۇقەررەر ئى-
دى.

20. ئەسىر باشلىرىغا كېلىپ بۇ ئىشلارغا ئىسلام بىلە
ھايات ئوتتۇرىسىدىكى توسۇقلارنى مۇستەھكەملىگەن ئامىل
قوشۇلدى ۋە ئىسلامىي ھەركەتلەر ئالدىدا تۇرغان قىيىنچى-
لىقلارنى يەنىمۇ كۆپەيتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇسۇل-
مانلار، خۇسۇسەن ئالىم ۋە ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ۋاقىتتا ئۇ
نەرسە ھۆكۈمران ئىدى:

بىرىنچىسى، ئۇلار ئىسلام دىنىنى ئىسلامنىڭ ئۆگ-
نۈش تەرىقىتىگە خىلاپ رەۋىشتە ئۆگەنەتتى. چۈنكى ئىسلا-
منىڭ ئۆگۈنۈش تەرىقىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شەرىئە-
ھۆكۈملىرى دۆلەتكە خاس ئىشلاردا دۆلەت تەرىپىدىن، شە-
خسكە تېگىشلىك ئىشلاردا شەخس تەرەپتىن تەتبىق قىلىنىش
ئۈچۈن ئەمەلى مەسىلىلەر سۈپىتىدە ئۆگىنىلىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۆلەمالار فىقھىگە «تەپسىلى دەلىللەردىن ئىستىنبا
قىلىنىدىغان ئەمەلى شەرئى مەسىلىلەرنى بىلىش»، دەپ
تەبىر بەرگەن ئىدى. بۇنداق ئۆگۈنۈش ئۆگەنگۈچىدە ئىلىمنى
جەمئىيەتتە دۆلەت ۋە شەخسنىڭ ئەمەلى پائالىيىتىنى ۋۇ-
جۇتقا كەلتۈردى. لېكىن مەزكۇر ئالىم ۋە ئوقۇغۇچىلار،
بەلكى كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار گويا ئىسلام خىيالى نەزەرى
پەلسەپەدەك ئىسلامنى قۇرۇق نەزەرى ئىلىم ئۈچۈن ئۆگەن-
دى. نەتىجىدە فىقھى ئىلىملار ئەمەلى ئەمەس پەرەزى بولۇپ
قالدى. شەرىئەت بولسا ھايات مۇئامىلىرىنى مۇئالىجە قىلى-

دىغان ھۆكۈملەر ئەمەس، بەلكى روھى ۋە ئەخلاقى مەسىلە-
لەر سۈپىتىدە ئۆگۈنۈلۈشكە باشلىدى. بۇلار ئۆگۈنۈش تەرى-
قىتىگە نىسبەتەن يول قويۇلغان خاتالار ئىدى.

ئىسلامغا دەۋەت قىلىش توغرىسىدا بولسا، ئىسلام تەلەپ
قىلغان تەئلىم تەرىقىتى ئەمەس، بەلكى مىسسىئونىرلار قول-
لىنىدىغان پەندى - نەسىھەت تەرىقىتى ھۆكۈمران ئىدى.
بۇنىڭ بىلەن ئىسلامنى ئۆگەنگۈچىلەر خۇددى ھەرىكەتچان
كىتاپلاردەك تەسىرسىز ئالىملارغا ياكى جەمئىيەتكە ھىچقان-
داق تەسىرى بولمىسىمۇ ئادەملەرگە زىرىكىشلىك خۇتبەلەرنى
تەكرارلىغۇچى ۋەزخانلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ئىسلام
ئاساسىدا تەربىيلەشنىڭ مەناسىنى ئاڭلاپ يەتمىدى. يەنى
ئىسلام ئاساسىدا تەربىيلەشنىڭ مەناسى مۇسۇلمانلارغا ئۇلا-
رنىڭ تۈيغۇلىرىغا تەسىر قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى اللەنىڭ ئازا-
بى ۋە غەزىبىدىن قورقۇتىدىغان سۈرەتتە دىينلىرىدىكى ئىشلا-
رنى ئۆگۈتۈشدۇركى، مۇسۇلمان اللەنىڭ ئايەتلىرىنى ئۆگۈ-
نۈشى ۋە ئۆگۈتۈش تەرىقىتى نەتىجىسىدە تۈيغۇلىرى ئەقلىگە
باغلانغان چاغدا تەسىر قىلغۇچى كۈچكە ئايلانسۇن. ھەئە،
ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ يەتمىگەن ئىدى. تەسىرلىك چوڭقۇر ئۆ-
گۈتۈش تەرىقىتى ئورنىغا يۈزەكى ۋە كونىراپ كەتكەن پەندى
- نەسىھەتلەرگە چەكلىنىدىغان ۋەئزى ئىرشاد تەرىقىتىنى قول-
لاندى. شۇسەۋەپتىن ئىسلام دىنى بىلەن جەمئىيەت مۇئامىلە-
لىرىنى مۇئالىجە قىلىش جەريانىدا مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا مۇھ-
تاج بولىدىغان زىددىيەت ياكى زىددىيەتكە ئوخشىغان نەرسە
باردەك كۆرۈنۈپ قالدى. نەتىجىدە زامانىغا مۇۋاپىق بولىشى
ئۈچۈن ئىسلامنى تەئۋىل قىلىش ئادەملەر ئىچىدە ئادەتي ئىشقا
ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار الله تەئالانىڭ:



وماكان المو'منون لينفروا كافة فلولا نفر من كل فرقة
منهم طائفة ليتفقهوا في الدين ولينذروا قومهم اذا رجعوا اليهم
لعلهم يحذرون

– «مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا جىھادقا چىقىشى
دۇرۇس ئەمەس، ئۇلاردىكى ھەربىر گورۇھتىن بىر ئائىلە
جىھادقا چىقىپ، قالغانلىرى دىينى ئۆگۈنۈپ، جىھادقا كەت-
كەنلەر قايتقاندا ئۇزلىرى ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئۇلارغىمۇ
ئۆگەتسە بولمامدۇ؟ ئۇلارمۇ اللەدىن قورقۇشى مۇمكىن»
9:122

ئايىتىنى ناتوغرا چۈشۈنۈپ، بۇ ئايەتنى ھەبىر جەمائە-
دىن بىر گورۇھ دىيىنى ئۆگۈنۈپ ۋە قايتىپ كېلىپ قەۋمىگە
ئۆگۈتۈش ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلىشقا چىقىش مەناسىدا
تەپسىر قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن دىننى ئۆگۈنۈشنى پەرز
كىپايىگە ئايلاندۇرۇپ، ئايەت مەئناسىگىمۇ، شەرئى ھۆكۈمە-
گىمۇ خىلاپ ئىش قىلدى.

شەرئى ھۆكۈم شۈنىڭدىن ئىبارەتكى، ھەربىر بالاغەتكە
يەتكەن ئاقىل مۇسۇلمان ئۆز ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان ئىش-
لارنىڭ دىندىكى ھۆكمىنى بىلىشى لازىم. چۈنكى ئۇ بارلىق
ئەمەللىرىنى اللەنىڭ بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرى ئاساسىدا ماڭ-
دۇرۇشقا بۇيرۇلغان. بۇنىڭ بىردىن - بىر يولى ئەمەللىرىگە
تەئەللۇق شەرئى ھۆكۈملەرنى ئۆگۈنۈشتۇر. شۇنىڭغا ئاسا-
سەن مۇسۇلمان ئۈچۈن ھايات مەيدانىدا زۆرۈر بولغان دىندى-
كى ھۆكۈملەرنى ئۆگۈنۈش پەرز كىپايە ئەمەس، پەرز ئەيند-
دۇر. ئەمما شەرئى ھۆكۈملەرنى ئىستىنبات قىلىش ئۈچۈن
ئىجتىھاد قىلىش پەرز كىپايەدۇر. ئايەت مەنىسىگە خىلاپ
ئىش قىلغانلىقىغا كەلسەك، مەزكۇر ئايەت جىھاد ئايىتى
بولۇپ، شۇنداق مەنانى ئىپادىلەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ھەم-



www.uyghurkitap.com

مىسى بىرافلا جىھادقا چىقىشى توغرا ئەمەس. بىر جامائە جىھادقا چىقىپ، باشقىلار رەسۇل ئەلەيھىسسالامدىن جىن ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىش ئەچۈن قالسا بولمامدۇ؟! مۇجاھىدلار قايتقان ۋاقىتتا بولسا، قالغانلار ئۇلار ئۆگىنەلمەي قالغان ئاللانىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۇلارغا تەپسىر قىلىدىغان، ئەكىلدە ئۆگەتسۇن. ساھابىلاردىكى (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) دىن ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىشكە رەسۇل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولۇشقا تەشنالىقلىرىمۇ شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەرىيەلەردە، جىھادقا چىقاتتى، قالغانلىرى بولسا دىن ھۆكۈملىرىنى توكۇنۇس ئۈچۈن قالاتتى. كېيىن مۇجاھىدلار قايتقاندا قالغانلار ئۇلار ئۆگەنەلمىگەن ھۆكۈملەرنى ئۇلارغا ئۆگىتەتتى».

ئىككىنچىسى: ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى يامان كۆرگۈچى، ئاداۋەتلىك غەرب ئىسلام دىنىغا ھۇجۇم قىلدى. بىر تەرەپتىن ئۇنى ئېيىبلەپ، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىشقا باشلىغان بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ھايات مۇئامىلىرىنىڭ توغرا مۇئالىجىلىرى بولغان ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ بەزىلەرىنى سەت كۆرسىتىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ئىلىم ئالغۇچىلارنىڭ بۇ ھۇجۇم ئالدىدىكى ھالەتلىرىگە زەئىپلىك ھۆكۈمران ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئىسلامنى ئېيىبدار دەپ ھېس قىلىپ، ئۇنى مۇداپىئە قىلىشقا باشلىدى. بۇ بولسا ئىسلام ھۆكۈملىرىنى تەئۋىل قىلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلارغا ئېلىپ باردى. مەسىلەن: ئۇلار جىھادنى ھۇجۇم ئۇرۇشى ئەمەس، مۇداپىئە ئۇرۇشى دەپ تەئۋىل قىلىپ، جىھادنىڭ ھەقىقىتىنى خاتا ئىزاھلىدى. ھالبۇكى جىھاد ئىسلامىي دەۋەت ئالدىدا توسۇق بولۇپ تۇرغان ھەرقانداق



شەخسكە قارشى - مەيلى ئۇ تاجاۋۇزچى بولسۇن، مەيلى بولمىسۇن - ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جىھاد ئىسلام دەۋىتى ئالدىدا تۇرغان ھەرقانداق توسۇقنى يوق قىلىش ياكى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە دەۋەت يولىدا، يەنى الله يولىدا جەڭ قىلىشتۇر. مۇسۇلمانلار فارس، رۇم، مىسىر، شىمالى ئافرىقا، ئەندەلۇس (ئىسپانىيە)، ۋە باشقا يۇرتلاردا ئىسلام دەۋىتى ئىسلامنى يېيىش ئۈچۈن جىھادنى تەقەززا قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ يەرلەرگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ جىھادقا بەرگەن مەزكۇر تەئۋىللىرى خاتا بولۇپ، بۇ خاتا ئىسلامنى ئېيىبلىك دەپ ھېس قىلىشلىرىدىكى ئاجىزلىقتىن ھەمدە ئېيىپلىگۈچىلەرنى رازى قىلىش روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شەكىلدە ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىشتىن كېلىپ چىقتى. شۇنىڭدەك، كۆپ خوتۇنلۇق، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ۋە بۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە مەسىلىلەردە مۇسۇلمانلار كاپىرلارغا رەددىيە بەرمەكچى بولۇپ، ئىسلامغا زىت رەۋىشتە ئىسلامنى تەئۋىل قىلىشقا ئۇرۇنۇشقا باشلىدى. شۇلارنىڭ ھەممىسى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار ئىسلامنى چۈشۈنۈشتىن، ئۆز نۆۋىتىدە ئىسلام ئەمەلدە تەتبىق قىلىنىشتىن يىراقلاشتى.

ئۈچۈنچىسى: كۆپ ئىسلامىي ئۆلكىلەردىن ئىسلامىي دۆلەتنىڭ سايىسى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار كۇفرى ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشى، كېيىن ئىسلامىي دۆلەت يىمىرىلىشى ۋە پۈتۈنلەي يوق قىلىنىشى ئاقىۋىتىدە مۇسۇلمانلار ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە يالغۇز ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى تەسەۋۋۇر قىلالماي قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار الله نازىل قىلمىغان ھۆكۈملەر بىلەن باشقۇرۇلۇشقا

رازى بولۇشقا باشلىدى. ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈلمىسىمۇ «ئىسلام» نامى ساقلىنىدىغان بولسىلا بۇ ئىشتا بىرەر زەرەرنى كۆرمەيتتى. ئىسلامنى ھاياتتا تەتبىق قىلىشقا ياردەم بېرىشى ئۈچۈن باشقا ئېقىملار ۋە مەبدەئىلەردىن پايدىلىنىش زۆرۈرلۇقىغا چاقىراتتى. نەتىجىدە ئىسلامىي دۆلەتنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن باش تارتىش ۋە مۇسۇلمانلارغا مۇسۇلمانلار قولى بىلەن كۇفرى ھۆكۈملىرى تەتبىق قىلىنىشقا سۈكۈت قىلىش ھاسىل بولدى.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىشلار سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىش ۋە ئىسلامنىڭ بۈيۈكلىكىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن ئىسلاھى ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. شۇنداق بولىشى تەبئى ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئىسلامىي ھەركەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئىسلامنى خاتا چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن چىگىلىپ كەتكەن مەسىلىلەرنى كۆپەيتىۋەتتى، مۇئەممالارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى، ئىسلامنى جەمئىيەتتە تەتبىق قىلىشقا ھەرىكەت قىلىش ئورنىغا ئۇنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇراتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامنى پىكرەت ۋە تەرىقەت سۈپىتىدە چۈشۈنۈپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان، ئىسلامىي ئۆلكىلەرنىڭ بىرىدە ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باشلاش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بارىدىغان ئىسلامىي ھەرىكەت زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئاندىن بۇ ئۆلكە ئىسلامىي دەۋەت كېلىپ چىقىدىغان باشلىنىش نۇقتىسى، كېيىن بولسا ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنىڭ ھەرىكەت نۇقتىسى بولىدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن ھىزبۇتتەھرىر ۋۇجۇتقا كەلدى ۋە ئىسلامنىڭ تايانچ نوقتىسى ۋە بۈيۈك ئىسلامىي دۆلەتنىڭ



غولى بولىدىغان بىر ياكى بىرنەچچە ئۆلكىلەردە ئىسلامىي دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باشلاش ئۈچۈن پائالىيەت كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئىسلامىي ھاياتنىڭ قايتا باشلىنىشى تەبئى رەۋىشتە كېلىپ چىقتى. بۇ بۈيۈك ئىسلامىي دۆلەت ئىسلامىي يۇرتلارنىڭ ھەممىسىدە ئىسلامنى مۇكەممەل تەتبىق قىلىش ۋە ئىسلامىي دەۋەتنى پۈتۈن دۇنياغا ئېلىپ چىقىش ئارقىلىق ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باشلايدۇ.

ئۆگۈنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئىزدىنىشلاردىن كېيىن بۇ ھىزبۇتتەھرىر ئېنىق بولغان شەرئى ھۆكۈملەرنى تەيىنى قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا ۋە شەخسلارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلاردا سادىر بولىدىغان شەخسى مۇئەممالارنىڭ مۇئالىجىلىرىگە ئالاقىدار ھۆكۈملەردۇر. مەسىلەن، دېھقانچىلىق ئۈچۈن يەرنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ مەنئى قىلىنىشىغا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ بەزىسى مۇسۇلمانلار بىلەن ۋە باشقىلار ئارىسىدا ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن قىلىدىغان ئالاقىلاردا سادىر بولىدىغان ئومۇمى رەئىيەلارغا ئالاقىدار ھۆكۈملەردۇر. مەسىلەن، مەجبۇرى بىتىم تۈزۈشنىڭ دۇرۇسلىقى، جەڭنى باشلاشتىن بۇرۇن ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بولسا پىكىرلارغا ئالاقىدار بولۇپ، بۇلارمۇ باشقا شەرئى ھۆكۈملارغا ئوخشاش شەرئى ھۆكۈملەردۇر. «ۋاجىبنى ئورۇنداش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىشمۇ ۋاجىبدۇر» - قائىدەسىگە ئوخشىغان ۋە «شەرئى ھۆكۈم شارىئنىڭ بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئالاقىدار بولغان خىتابىدۇر»، دېگەن شەرئى ھۆكۈملەر تەئرىپىگە ئوخشىغان ۋە شۇلارغا ئوخشاش بولغان

كۆللى قائىدىلەر ۋە تەئرىپلەرگە ئوخشاشدۇر ۋە ھاكازالار.
ھىزىب مەزكۇر ھۆكۈملەرنىڭ ھەر بىر تۈرىدە ئېنىق بولغان ھۆكۈملەرنى تەبەننى قىلدى ۋە ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىكەن ئۇلارغىمۇ دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ رەئىيلار، پىكىرلەر ۋە ھۆكۈملەر ئىسلامىيدۇر، ئۆزگىچە ئەمەس. ئۇلاردا غەيرى ئىسلامىي بىرەر نەرسە يوق ۋە غەيرى ئىسلامىي نەرسىلەرنىڭ بىرەرسىدىن تەسىرلەنگەنمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇلار ساپ ئىسلامىي بولۇپ، پەقەت ئىسلام ئاساسلىرى ۋە نۇسۇسلىرىغا تايىنىدۇ. ھىزىب بۇ رەئىيى، پىكىر ۋە ھۆكۈملەردە پىكىرگە تايىنىدۇ ۋە ئىسلامغا دەۋەت قىلىش پىكىرگە ئاساسلىنىشنى ۋە پىكرىي يېتەكچىلىك سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىشنى لازىم، دەپ ھېساپلايدۇ. چۈنكى يارقىن پىكىر ھايات ئاساسلىنىدىغان پىكىردۇر. ئىنسانمۇ شۇنىڭ ئاساسىدا ئويغىنىدۇ. يارقىن پىكىر نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار توغرا ئىدراك قىلىنىدۇ. پىكىر يارقىن بولۇشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭقۇر بولۇشى زۆرۈر. چوڭقۇر پىكىر نەرسىلەرگە چوڭقۇر نەزەر تاشلاش دېمەكتۇر. يارقىن پىكىر بولسا نەرسىلەرگە، ئۇلارنىڭ ھالەتلىرىگە ۋە ئۇلارغا ئالاقىدار نەرسىلەرگە چوڭقۇر نەزەر تاشلاش ۋە توغرا نەتىجىلەرگە يېتىش ئۈچۈن بۇ نەزەر تاشلاشنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈشتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يارقىن پىكىر نەرسىلەرگە چوڭقۇر ۋە يارقىن نەزەر تاشلاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتقا چوڭقۇر ۋە يارقىن نەزەر تاشلاش زۆرۈر. ئىنسانغا ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە چوڭقۇر ۋە يارقىن نەزەر تاشلاش زۆرۈر. شۇچاغدا بۇ ھەرىكەتلەرگە تىگىشلىك ھۆكۈملەرنى ئىدراك قىلىش مۇمكىن بولىدۇ.



كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتقا چوڭقۇر نەزەر تاشلاش ئۇلار توغرىسىدىكى كۆللى چۈشەنچىنى بېرىدۇ ۋە ئىنساندىكى ئەڭ چوڭ تۈگۈننى يېشىپ بېرىدۇ. مانا شۇ چوڭقۇر نەزەر تاشلاش ئىنساندا ئەقىدىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياشاشتىن كۆزلىگەن غايىنى ۋە ئۇ ھاياتتا قىلىدىغان ئەمەللەردىن كۆزلىگەن غايىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئىنسان كائىناتتا ياشايدىكەن، ئۇنىڭغا ئۆزى ھەققىدىكى، ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ھايات ھەققىدىكى، ھاياتى ۋە ۋۇجۇدىنىڭ ماكانى بولغان كائىنات ھەققىدىكى ئەڭ كاتتا تۈگۈننى يېشىپ بېرەلمىسە، ئۇ ئۆزى يۈرۈشى لازىم بولغان ھايات يولىنى ئەسلا بىلەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەربىر نەرسىنىڭ ئاساسى "ئەقىدە"دۇر.

كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتقا چوڭقۇر ۋە يارقىن نەزەر تاشلاش ئىسلامىي ئەقىدىگە ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار يارىتقۇچىنىڭ مەخلۇقى ئىكەنلىكى، ئۇلارنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرغۇچى ۋە مەخسۇس نىزامغا مۇۋاپىق ماڭدۇرۇپ، قوغداپ تۇرغۇچى زات مانا شۇ يارىتقۇچىنىڭ يالغۇز ئۆزى ئىكەنلىكى ئېنىق نامايەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ دۇنيا ھاياتى ئەزەلىمۇ، ئەبەدىمۇ ئەمەسلىكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر ۋۇجۇد بولۇپ، شۇ ۋۇجۇد ئۇنىڭ يارىتقۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى ئىكەنلىكى، بۇ دۇنيا ھاياتىدىن كېيىن باشقا بىر ھايات بولۇپ، ئۇ قىيامەت كۈنى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ھەمدە ئىنساننىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىدا قىلىنىدىغان ئەمەللىرى اللەنىڭ بۇيرۇق - توسۇقلىرىغا مۇۋاپىق ماڭدۇرۇلۇشى لازىم ئىكەنلىكى، ئىنسان قىيامەت كۈنىدە، يەنى ھېساب - كىتاب قىلىنىدىغان كۈندە ئاشۇ ئەمەللىرىگە ھېساپ بېرىشى ئايان بولىدۇ. شۇ-

نىڭ ئۇچۇن ئىنسان اللەنىڭ ئەلچىسى خۇجىمىز مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن اللەنىڭ شەرىئىتىگە قەتئى
رىئايە قىلىشى لازىم.

كائىنات، هايات ۋە ئىنسانغا چوڭقۇر ۋە يارقىن نەزەر
تاشلاش ئۇلار روھمۇ ئەمەس، ماددا ۋە روھتىن تەركىپ
تاپقانمۇ ئەمەس، بەلكى پەقەت ماددىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىـ
نى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ماددىدىن بولغان مەقسەت سېزىلىـ
دىغان ۋە ئىدراك قىلىنىدىغان نەرسىدۇر. بۇ ئورۇندا ماددىـ
نى «ماكاننى ئىگەللىگەن ۋە ئېغىرلىقتا ئىگە بولغان نەرسە»
، دەپ ياكى «ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن هالەتتىكى قاچىلانغان
كۈچ» دەپ تەبىرلىنىشنىڭ ئېتىۋارى يوق. چۈنكى توختىـ
لىش ماددىنىڭ ماهىيىتى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى كائىنات،
هايات ۋە ئىنسان، يەنى سېزىپ، ئىدراك قىلىنىدىغان ئۇشـ
بۇ نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىغا مەخلۇق ئىكەنلىكى ئۈستىدەـ
دۇر. بۇ يەردە «روھ» دىن مەقسەت جان ئەمەس، بەلكى
اللەغا بولغان، ئالاقىنى ئىدراك قىلىشتۇر. چۈنكى توختىـ
لىش جان مەناسىدىكى روھ ھەققىدە ئەمەس، بەلكى كائىـ
نات، ئىنسان ۋە هاياتنىڭ بىز ھىس قىلالمايدىغان زات،
يەنى ياراتقۇچىغا بولغان ئالاقىسى ۋە شۇ ئالاقىنى ئىدراك
قىلىش ھەققىدەدۇر. يەنى كائىنات، هايات ۋە ئىنساننىڭ
ئۆز ياراتقۇچىسىغا بولغان ئالاقىسىنى ئىدراك قىلىش ئۇلار-
نىڭ تەركىبى قىسمىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟.

روھنى جان مەناسىدا ئەمەس، بەلكى اللەقا بولغان
ئالاقىنى ئىدراك قىلىش مەناسىدا دېگەن ئېتىۋار بىلەن كائىـ
نات، هايات ۋە ئىنسانغا چوڭقۇر ۋە يارقىن نەزەر تاشلاش
ئۇلارنىڭ روھمۇ ئەمەسلىكى، روھ ۋە ماددىدىن تەركىپ



تاپقانمۇ ئەمەسلىكى، بەلكى پەقەت ماددىدىن ئىبارەت ئىكەنـ
لىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ماددا ئىكەنلىكى كۆزـ
رۈنۈپ تۇرغان ھەقىقەتتۇر. چۈنكى، ئۇلار سېزىلىدىغان ۋە
ئىدراك قىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. ئۇلارنىڭ روھتىن ئىباـ
رەت ئەمەسلىكىگە كەلسەك، روھ ئىنساننىڭ اللە تەئالاغا
بولغان ئالاقىسىنى ئىدراك قىلىشتۇر. بۇ ئىدراك كائىناتـ
مۇ، ئىنسانمۇ، هاياتمۇ ئەمەس، بەلكى بۇلاردىن پۈتۈنلەي
باشقا نەرسەدۇر. ئەمما ئۇلار ماددا ۋە روھدىن تەركىپ
تاپمىغانلىقى كائىنات ۋە هاياتتا ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئىنساندا
بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ اللەقا بولغان ئالاقىسىنى ئىدراك قىلىشى
ئۇنىڭ تەركىبى قىسمى ئەمەس، بەلكى كېيىن پەيدا بولىدىـ
غان سۈپەتتۇر. بۇنىڭغا دەلىل شۇكى، اللەنىڭ بارلىقىنى
ئىنكار قىلغۇچى كاپىر اللەغا بولغان ئالاقىسىنى ئىدراك
قىلمايدۇ. لېكىن ئۇ شۇنداق بولسىمۇ ئىنساندۇر.

شۇنىڭغا ئاساسەن بەزىلەرنىڭ «ئىنسان ماددا ۋە روھـ
تىن تەركىپ تاپقان، ئەگەر ئىنساندا ماددا روھتىن غالىپ
كەلسە ئۇ - يامان ئادەم، ئەگەر روھ ماددىدىن غالىپ بولسا
- ياخشى ئادەم بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئىنسان ياخشى
بولۇشى ئۇچۇن ماددا ئۈستىدىن روھنى غالىپ قىلىشى كېـ
رەك» ، - دېگەن مەزمۇندىكى سۆزلىرى ناتوغرادۇر. چۈنكى
ئىنسان ماددا ۋە روھتىن تەركىپ تاپقان ئەمەس. چۈنكى بۇ
بابتا توختىلىۋاتقان روھ ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان
بارلىق ئىنسانلارنىڭ قارىشىدا «ياراتقۇچىنىڭ ئەسىرى»،
ياكى «غەيب ئالەمنىڭ ھېس قىلىنىدىغان ئەسەرلىرى»،
ياكى «بىرەر نەرسىدە پەقەت اللە تەرىپىدىن بولىدىغان تەرەپـ
لەرنىڭ ئىدراك قىلىنىشى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنالارنى

ۆرسىتىدۇ. يەنى «روھ» بۇ بابدا «روھانىلىق» ۋە «روھى
ەھەت» مەناسىدادۇر. ئىنساندا مەۋجۇت بولغان «روھانى-
ىق» ۋە «روھى جەھەت» مەناسىدىكى روھ «جان» ئەمەس،
ىنىڭدىن كېلىپ چىققانمۇ ئەمەس، ئۇنىڭغا ئالاقىسىمۇ
وق، بەلكى ئۇ پۈتۈنلەي باشقا نەرسەدۇر. بۇنىڭ دەلىلى
ئۆكى، ھايۋاندىمۇ «جان» بار، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا
وھانىلىق ۋە روھى جەھەت يوق. ھېچكىم «ھايۋان ماددا
؛ روھتىن تەركىب تاپقان»، - دېگەن دەۋانى قىلمايدۇ.
ئۇنىڭدىن قەتئىي خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، بۇ مەنادىكى
وھ «جان» ئەمەس. «جان» دىنمۇ كېلىپ چىققان ۋە
ئۇنىڭغا ئالاقىسىمۇ يوق. ھايۋاندا جان بولسىمۇ ئۇ ماددا ۋە
وھتىن تەركىب تاپمىغىنىغا ئوخشاش، ئىنسانمۇ - گەرچە
ئۇنىڭدىمۇ «جان» مەۋجۇت بولسىمۇ - ماددا ۋە روھتىن
ەركىب تاپقان ئەمەس. چۈنكى پەقەت ئىنساندىلا مەۋجۇت
ولۇپ، ئۇنى باشقا جانۋارلاردىن ئاجرىتىپ تۇرىدىغان روھ
جان» غا تەئەللۇق ئەمەس، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققانمۇ ئە-
ەس، بەلكى ئۇ ئاللاھقا بولغان ئالاقىنى ئىدراك قىلىش
ىمەكتۇر. دېمەك، ئىنساندا «جان» نىڭ مەۋجۇتلىقىنى
مۆجەت قىلىپ، روھ ئىنساننىڭ تەركىبى قىسمىدۇر، -
ېيىلمەيدۇ.

بۇ بابتا توختىلىۋاتقان روھ ئاللاھقا بولغان ئالاقىنى ئىد-
اك قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ جانغا ئالاقىسى يوق
ئىكەن، دېمەك روھ ئىنساننىڭ تەركىبى قىسمى بولمايدۇ.
چۈنكى ئاللاھقا بولغان ئالاقىنى ئىدراك قىلىش ئىنساننىڭ
ەركىبى قىسمى ئەمەس، بەلكى كېيىن پەيدا بولىدىغان
سۈپەتتۇر. شۇ دەلىل بىلەنكى، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىنكار



قىلغۇچى كاپىر ئۆزىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئالاقىسىنى ئىدراك
قىلمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنساندۇر.

كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ ماددىلىقى، روھ ئەمەھ
ئەمەسلىكىگە قارىماستىن، ئۇلارغا نىسبەتەن روھى جەھەت
ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىغا مەخلۇق ئىكەنلىكىدۇر. يەنى ئۇلارنىڭ
ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تەئالاغا مەخلۇق سۈپىتىدىكى ئالاقە-
لىرىدۇر. مەسىلەن، كائىنات ماددىدۇر. ئۇ ياراتقۇچىغا
مەخلۇق ئىكەنلىكى ئۇنىڭدىكى ئىنسان ئىدراك قىلىدىغان
روھى جەھەتتۇر. ئىنسانمۇ ماددىدۇر. ئۇنىڭ ياراتقۇچىغا
مەخلۇق ئىكەنلىكى ئۇنىڭدىكى ئىنسان ئىدراك قىلىدىغان رو-
ھى جەھەتتۇر. ھاياتمۇ ماددىدۇر. ئۇنىڭ ياراتقۇچىغا مەخلۇق
ئىكەنلىكى ئۇنىڭدىكى ئىنسان ئىدراك قىلىدىغان روھى جە-
ھەتتۇر. دېمەك روھى جەھەت كائىنات، ھايات ۋە ئىنساننىڭ
ئۆزىدىن كېلىپ چىقىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى روھى
جەھەت ئۇلارنىڭ ئۇلارنى ياراتقان ياراتقۇچىغا، يەنى ئاللاھ
تەئالاغا مەخلۇق ئىكەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مانا شۇ
ئالاقا «روھى جەھەت» دۇر.

ئەسلىدە روھ مەناسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئاللاھنى
بارلىقىغا ئىشىنىدىغان ئادەملەر «روھ»، «روھانىلىق» ۋ
«روھى جەھەت» سۆزلىرىنى كۆپ تىلغا ئېلىشىدۇ ۋە بۇنى
بىلەن ياراتقۇچىنىڭ بىرەر جايدىكى بەلگىسىنى ياكى غەيب
تەرەپنىڭ كۆرۈنۈۋاتقان بەلگىلىرىنى ياكى بىرەر نەرسە
پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغان جەھەتنىڭ ئىدراك قىلىنىش
نى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مەنالارنى نەزەردە تۇتاتتى. ئۇلا
«روھ»، «روھانىلىك»، «روھى جەھەت» ۋە شۇ مەنادى
سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىۋاتقان ئوشبۇ مەنالار ئومۇمى

ائېنىق، ئوقۇمسىز ۋە ئېنىق بولمىغان مەنالار بولۇپ، بۇ مەنالارنىڭ ئۇلارنىڭ زېھنىلىرىدىمۇ، ئەمىلىيەتتىمۇ ۋاقىئەسى مەۋجۇت ئىدى. بۇ ۋاقىئە، بارلىقى [illegible] قىلىنىدىغان، ئۆزىنى ئىدراك قىلغىلى بولمايدىغان غايىپ زات ۋە شۇ زاتنىڭ نەرسىلەردىكى بەلگىسىدۇر. لېكىن ئۇلار ھېس قىلىۋاتقان بۇ ۋاقىئەنى سەزگۈلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتتە ئىدراك قىلسىمۇ، ئۇنىڭغا تەبىر بېرەلمەيتتى ۋە ئۇ ھەققىدە ئېنىق بىر تەسەۋۋۇرغا ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ مەنالار ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ مەنالار ھەققىدە تەسەۋۋۇرلىرى مۇقىم ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ مەنالار «جان» مەناسىدىكى روھ بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئىنساندا «جان» مەناسىدىكى روھنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغانلىقى ھەمدە روھانىلىق ۋە روھى جەھەت مەناسىدىكى روھ بارلىقى سەۋەبىدىن «ئىنسان ماددا ۋە روھتىن تەركىب تاپقان»، - دەپ ئېيتىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئۇلار «روھ ئەينەن جان دېمەكتۇر» ياكى «جاندىن كېلىپ چىققاندۇر» دەپ ئويلىدى. ئىراق ھايۋاندا روھ يەنى «جان» بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى روھانىلىق ۋە روھى جەھەت يوقلىقىغا ئېتىۋار بەرمىدى. شۇنىڭدەك بۇ مەنالار ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىدە ھېس قىلىدىغان مەنىۋى كۆتۈرەڭگۈلۈكنىمۇ روھ سۆزى ئىشلىتىپ، «روھىم كۆتۈرۈلدى» ياكى «پالانچىنىڭ روھى ناھايىتى ئۈستۈن»، دەپ ئېيتىدىغان؛ بىرەر جايغا بارغاندا كۆڭلى ئېچىلىپ تۇرۇشى ياكى يەڭگىل ھېس قىلسا، «بۇ جايدا روھى جەھەت ياكى روھانىلىق بار»، دەپ ئېيتىدىغان؛ «روھىمنى كۆچلۈك قىلىمەن»، دەپ ئۆزىنى ئاچ قويۇپ، جىسمىنى قىناپ زەئىپ-



لەشتۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ بارچىسى «روھ»، «روھانىلىق» ۋە «روھى جەھەت» مەنالىرى ئېنىق بولمىغانلىغى ئۈچۈن مەيدانغا كەلدى. بۇ مەسىلە قەدىمقىلار تەسەۋۋۇرىدىكى «ئەقىل»نىڭ ۋاقىئەسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى ئەقىل سۆزىدىن ئىدراك قىلىش، بىرەر نەرسە ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنالار ئىرادە قىلىنىدۇ. لېكىن قەدىمقىلار ئىدراك قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنالارنى ئەقىل ئەمەس، بەلكى ئەقىلنىڭ مەھسۇلى دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەقىلنىڭ ۋاقىئەسى بار بولۇپ، ئۇنى ھېس قىلسىمۇ ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق بىلمەيتتى ۋە ئۇنىڭ ۋاقىئەسى ئۇلاردا ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇلاردا ئەقىلنىڭ ۋاقىئەسى ئېنىق بولمىغانلىغى ئۈچۈن ئەقىلنىڭ جايلاشقان ئورنىنى تەسەۋۋۇر قىلىشى ھەر خىل ۋە مۇقىم بولمىدى. ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئىدراك قىلىشى قالايمىقان بولۇپ كەتتى. بەزىلىر ئەقىل يۈرەكتە جايلاشقان دېسە، بەزىلەر ئۇنىڭ ماكانى باشتا، يەنە بەزىلەر مېڭىنىڭ ئۆزى ئەقىلدۇر، دېگەن بولسا، بەزىلەر بۇنىڭدىن باشقا پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كېلىپ بەزى مۇتەپەككۇرلار ئەقىلنىڭ مەناسىنى، ئۇنىڭ تەئرىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ مەسىلىگە ئۆز ئېتىبارلىرىنى قاراتتى. ئۇلارمۇ ئەقىلنىڭ ۋاقىئەسىنى بەلگىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەقىل ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى قالايمىقان بولۇپ كەتتى. بەزىلەر «ئەقىل - مېڭىنىڭ ماددىدىكى ئىنكاسى» دېسە، ۋە بەزىلەر «ماددىنىڭ مېڭىدىكى ئىنكاسى» دېدى. ۋە ئاخىرىدا ئەقىلنىڭ ئەڭ توغرا تەرىپىگە ئېرىشىلدى ۋە ئەقىلنى: «ۋاقىئەنىڭ مېڭىگە سەزگۈلەر ۋا-

ستىسىدا يەنكۈزۈلىشى ۋە شۇ ۋاقىتنى بايان قىلىپ بېرىدى-
غان سابىق مەلۇماتلارنىڭ بار بولىشى» ، دەپ تەرىپلەندى.
بۇ تەرىپ ئارقىلىق ئەقلىنىڭ ماھىيىتى مەلۇم بولدى. شۇ-
نىڭدەك بەزى مۇتەپەككۇرلار «روھ» ، «روھانىلىق» ، «رو-
ھى جەھەت» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنالارنىمۇ ئۇلارنى ۋە
ئۇلارنىڭ ۋاقىتسىنى زېھىن ئىدراك قىلىدىغان دەرىجىدە
ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئېتىبارلىرىنى قارىتىشى زۆرۈر. چۈنكى
ھاياتتا روھ، روھانىلىق ۋە روھى جەھەتنىڭ ئۆز ۋاقىتىسى
باردۇر. مەلۇمكى ھاياتتا ئانىغا ئوخشاش ئىنسان ھىس قى-
لىپ، تۇتۇپ كۆرىدىغان ۋە دوختۇرنىڭ خىزمىتىگە ئوخ-
شاش ھىس قىلىسمۇ، تۇتۇپ كۆرگىلى بولمايدىغان ماددى
نەرسىلەر مەۋجۇت. ھاياتتا پەخىرلىنىش ۋە ماختاشقا ئوخ-
شاش ئىنسان ھىس قىلىسمۇ، تۇتۇپ كۆرگىلى بولمايدىغان
مەنىۋى نەرسىلەر مەۋجۇت. شۇنىڭدەك اللەدىن قورقۇش،
جاپالىق پەيتلەردە ئۆزىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانغا ئوخشاش ئىن-
سان ھىس قىلىسمۇ، تۇتۇپ كۆرگىلى بولمايدىغان روھى
نەرسىلەرمۇ مەۋجۇت. مانا بۇلار ئىنسان ھىس قىلالايدىغان
ۋاقىتقا ئىگە بولغان ئۈچ تۈرلۈك مەنا بولۇپ، بىرى ئىك-
كىنچىسىدىن پەرق قىلىنىدۇ. دېمەك «روھ» ، «روھانىلىق»
ۋە «روھى جەھەت» ھىس قىلغىلى بولىدىغان، ئۆزىگە خاس
ۋاقىتىدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەقلىغا تەرىپ بېرىلىپ، ئۇنى
ئادەملەرگە ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندەك، بۇ ۋاقىتىنىمۇ تەرىپ بې-
رىلىپ ئادەملەرگە ئايدىڭلاشتۇرۇلۇش زۆرۈر.

«روھ» ، «روھانىلىق» ۋە «روھى جەھەت» نىڭ ۋاقى-
تىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ چىقىلسا مەلۇم بولىدۇكى،
بۇلار اللەنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان دەھرىلەردە مەۋ-



جۇت ئەمەس، پەقەت اللەنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغانلاردىلا
مەۋجۇت. يەنى بۇ سۆزلەر اللەغا ئىشىنىشكە (ئىمانغا) مۇنا-
سىۋەتلىكتۇر. ئىمان بار جايدا ئۇلارمۇ بار، ئىمان يوق جايدا
ئۇلارمۇ يوق بولىدۇ. اللەنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ھەممە
نەرسىلەرنىڭ ئۇلارنى ياراتقان ياراتقۇچىغا مەخلۇق ئىكەنلى-
كىنى قەتئى تەستىقلاش دېمەكتۇر. دېمەك، بەھسىنىڭ ماۋ-
زۇسى جىمىكى نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىغا مەخلۇق ئىكەنلىكى
ھەققىدەدۇر. بۇ نەرسىلەرنى ياراتقۇچىنىڭ مەخلۇقى ئىكەن-
لىكىگە ئىقرار بولۇش — ئىمان، ئۇلارنى ياراتقۇچىنىڭ مەخ-
لۇقى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش بولسا كۇفرىدۇر. ئىقرار
بولۇش ۋە قەتئى تەستىقلاش ھالىتىدە روھى جەھەت مەۋجۇت-
دۇر. ئۇنى پەيدا قىلغان نەرسە تەسدىقلاشتۇر. ئىقرار قىل-
ماسلىق ۋە ئىنكار ھالىتىدە بولسا روھى جەھەت مەۋجۇت
ئەمەس. ئۇنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە سەۋەپ ئىنكاردۇر.
دېمەك روھى جەھەت نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىغا مەخلۇق ئى-
كەنلىكىدۇر، يەنى نەرسىلەرنىڭ يارىتىش ۋە يوقىتىش بار
قىلىش جەھەتلىرىدىن ئۆز ياراتقۇچىسىغا بولغان ئالاقىسى-
دۇر. ئەگەر ئەقىل بۇ ئالاقىنى، يەنى نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇ-
چىغا مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلسا، بۇ ئىدراك سەۋە-
بىدىن ياراتقۇچىنىڭ بۈيۈكلىكىنى ھىس قىلىش تۇيغۇسى،
ئۇنىڭدىن قورقۇش تۇيغۇسى ۋە ئۇنى مۇقەددەس دەپ بىلىش
تۇيغۇسى ھاسىل بولىدۇ. شۇ ئالاقىنى (ئۆزىدىن بۇ تۇيغۇنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مانا بۇ) ئىدراك قىلىش روھتۇر.
دېمەك، «روھ اللەغا بولغان ئالاقىنى ئىدراك قىلىش» تۇر.
بۇنىڭ بىلەن روھى جەھەتنىڭ مەناسى ئايدىڭلىشىدۇ. روھ
ۋە روھى جەھەت مەنالىرى تىلغا مۇراجىئەت قىلىپ ئېنىقلى-

ئىشلەنگەن لۇغەۋى مەنالارغا ئىگە بولغان سۆزلەردىن ئىبارەت ئەمەس. ئۇلار ھەربىر سىللەت خالىغاندەك كېلىشتۈرىۋالىدىغان ئەمەس ئاتالغۇلارمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇلار قانداق لەھجىلەر ئىشلىتىلىشىدىن قەتئىي نەزەر مۆئمىنلەر ۋاقتىغا ئىگە بولغان مەنالاردۇر. توختىلىش لۇغەۋى سۆزلەرنىڭ مەناسى ھەقىقەت ئەمەس، بۇ مەنالارنىڭ ۋاقتى ھەقىقەتتۇر. بۇ مەنالارنىڭ ۋاقتى بۇلىرىدا بايان قىلىندى. يەنى روھ ئىنسانلارنىڭ روھى جەھەت توقتىش نەزىرىدىن قارالغاندا، اللەغا بولغان ئالاقىسى ئىدراك قىلىنىشتۇر. كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ روھى جەھەت ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىغا مەخلۇق ئىكەنلىكىدۇر. بۇ سۆزلەر قايەردە ئىشلىتىلمىسۇن ئۇلاردىن مەزكۇر مەنالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ھېس قىلىنىدىغان ۋاقتى بارلىقى دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان مەنالار پەقەت شۇلاردۇر. ھەممە بۇ ھېس قىلىنىدىغان ۋاقىت ئىلاھنىڭ بارلىقىغا، يەنى نەر-سىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى بارلىقىغا ئىشەنگۈچى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە مەزكۇر مەنالارنىڭ زېھنىدىكى ۋە ئەمەلىيەتتىكى ۋاقىتىدۇر.

ئەمما «جان» مەناسىدىكى روھقا كەلسەك، ئۇ قەتئىي مەۋجۇتتۇر ۋە قۇرئاننىڭ قەتئىي ھۆججەتلىرى بىلەن ئىسپات-لانغاندۇر. ئۇنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش مۇقەررەر بول-غان ئىشتۇر. ئۇ بۇ بەھسنىڭ ماۋزۇسى ئەمەس.

روھ سۆزى كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، «ئەل-ئەين» سۆزىگە ئوخشاش بىرنەچچە مەنالارغا ئىگىدۇر. «ئەل-ئەين» سۆزى كۆپ نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىپ، بۇلاق، كۆز، جا-سۇس، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا مەنالاردا ئىشلىتىلگىنىگە ئوخشاش روھ سۆزىمۇ بىرنەچچە مەنالاردا ئىشلىتىلىدۇ.



قۇرئاندا روھ تۆرلۈك مەنالاردا كەلگەن. مەسىلەن روھ سۆ-زى كېلىپ، ئۇنىڭدىن جان ئىرادە قىلىنغان:

(ويسألونك عن الروح قل الروح من أمر ربي وما أوتيتم من العلم إلا قليلا)

— «(ئى مۇھەممەد (س ئە ۋ)، سەندىن روھ ھەققىدە سورايدۇ. ئېيتقىن: «روھ يالغۇز پەرۋەردىگارىم بىلىدىغان ئىشلاردىندۇر. سىلەرگە ناھايىتى ئاز ئىلىم بېرىلگەن-دۇر». 17:85

ئۈچىنچى ئايەتتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كۆزلەن-گەندۇر:

(نزل به الروح الأمين على قلبك لتكون من المنذرين)

— «ئاخىرەت ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇ-شىڭ ئۈچۈن ئەرروھۇل ئەمىن قەلبىڭگە ئۇنى (قۇرئا-نى) ئېلىپ چۈشتى». 26:193,194

مانا بۇ ئايەتتە بولسا روھ سۆزىدىن شەرىئەت ئىرادە قىلىنغان:

(وكذلك أوحينا إليك روحا من أمرنا)

— «شۇنداق قىلىپ، بىز سەنگە ئۆز بۇيرۇقۇ ۋە ئو-ۋۇقلىرىمىزدىن ئىبارەت روھنى (يەنى شەرىئەتنى) ۋەھى قىلدۇق». 42:52

بۇ مەنالارنىڭ بارچىسى «ئۇنىڭغا روھى جەھەت بار» پاكى «بۇ روھى نەرسە» پاكى «ماددىنى روھتىن ئايرىتىش» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەردىن مەقسەت قىلىنغان مەنالار ئەمەس. روھ ھەققىدىكى بۇ سۆزلەرنىڭ قۇرئاندا كەلگەن «روھ»نىڭ مەنالىرىغا ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. بەلكى، بۇ كېيىنكى ئىستىماللاردىكى «روھ»دىن كۆزلەنگەن مەنا ماددى-نىڭ يارىتىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەنادۇر. يەنى نەرسىلەر-

نىڭ يارىتقۇچى اللەغا مەخلۇق ئىكەنلىكىگە ۋە نەرسىلەرنىڭ ئۆز يارىتقۇچىسىغا بولغان ئالاقىسىنى ئىنساننىڭ ئىدراك قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەنادۇر.

ئىنسانغا چوڭقۇر يارقىن نەزەر تاشلاش ئۇنىڭ ئىككى دائىرە ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچى ئىنسان ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولغان، ئىككىنچىسى بولسا ئىنسان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دائىرەدۇر. ئىنسان ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولغان دائىرىگە كەلسەك، بۇ دائىرە ۋۇجۇد قانۇنلىرى ئىنساننى ئوراپ تۇرىدىغان دائىرەدۇر. دېمەك ئىنسان بۇ دائىرىدە كائىنات ۋە ھايات بىلەن بىرگە ئۆزگەرمەس مەخسۇس قانۇنغا مۇۋاپىق ياشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ دائىرىدىكى ئىشلار ئىنساننىڭ ئىختىيارسىز يۈز بېرىدۇ. ئىنسان بۇ دائىرىدە ئىختىيارغا ئىگە ئەمەس مەجبۇردۇر. مەسىلەن، ئۇ بۇ دۇنياغا ئۆز ئىختىيارسىز كەلگەن، دۇنيادىنمۇ ئىختىيارسىز كېتىدۇ. ئىنسان ۋۇجۇد قانۇنىغا قارشى چىقالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دائىرىدە ئىنسان تەرىپىدىن ياكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن سادىر بولغان ئىشلارغا ئۇ جاۋابكار ئەمەس. ئىنسان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دائىرىدە بولسا مەيلى اللەنىڭ شەرىئىتى، مەيلى باشقا تۈزۈم بولسۇن ئۆزى تاللىغان تۈزۈم بويىچە ئىختىيارى رەۋىشتە ياشايدۇ. بۇ دائىرە ئىنسان تەرىپىدىن ياكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن سادىر بولىدىغان ئىشلار ئۇنىڭ خاھىش ئىرادىسى بىلەن يۈز بېرىدىغان دائىرەدۇر. ئۇ خالىغان ۋاقىتتا ماڭىدۇ، تاماق يەيدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، سەپەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە خالىغان ۋاقىتتا بۇلاردىن باش تارتىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىش-



تىن باش تارتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسان بۇ دائىرە ئىچىدە قىلغان ئىشلاردىن جاۋابكاردۇر.

ئىنسان ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دائىرىدىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولغان دائىرىدىمۇ، ئۆزى تەرىپىدىن ياكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن باشقا تەرەپتىن سادىر بولىدىغان بەزى نەرسىلەرنى ياقتۇرسا، بەزىلىرىنى يامان كۆرىدۇ. بۇ ياقتۇرۇش ۋە ياقتۇرماسلىقنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق دەپ ئىزاھلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۆزى ياقتۇرىدىغان نەرسىنى ياخشى، ياقتۇرمايدىغىنىنى يامان دېيىشنى خالايدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزىگە پايدا كېلىۋاتقان ياكى زەرەر يېتىۋاتقىنىغا قاراپ بەزى ئىشلارنى ياخشى ۋە بەزى ئىشلارنى يامان دەپ باھالىغان.

ھەقىقەتتە بولسا ئىنساننىڭ دائىرىسىدە ئۇنىڭ تەرىپىدىن سادىر بولىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئۆزىنى ياخشى ياكى يامان دەپ سۈپەتلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت ئىشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ياخشىلىق ياكى يامانلىق سۈپەتلىرى مەۋجۇت ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقى ئۇلاردىن تاشقىرىدىكى ئېتىبارلارغا ئاساسەن ۋۇجۇتقا كەلگەندۇر. مەسىلەن، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ دەپ بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى پەقەت ئۆلتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئۇنىڭدىن تاشقىرىدىكى سۈپەتلەرگە باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈش ياخشىلىق دەپ ھېساپلانسا، ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقراسىنى، ئىتتىپاقچىسىنى ياكى ئامانلىق سورىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈش يامانلىق ھېساپلىنىدۇ. بىرىنچى قاتىل مۇكاپاتلانسا، ئىككىنچى قاتىل جازالىنىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىككىسىمۇ بىر خىل ئىش بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ھېچ-

ئانداق پەرق يوق. بەلكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق سۈپىتى
ئىنساننى بۇ ئىشقا ئۈندەيدىغان ئامىللاردىن ھەممە بۇ ئىشتىن
كۆزدە تۇتۇلغان غايىدىن كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، ئىنساننى
مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئامىللار ھەممە كۆز-
لەنگەن غايە ئىنسان ياقتۇرۇش، ياقتۇرماسلىقى، ئۇنىڭغا
پايدا ياكى زەرەر يېتىشىدىن قەتئىي نەزەر ئاشۇ ئىشنىڭ ياخشى
ياكى يامان دەپ سۈپەتلىنىشىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭغا
ئاساسەن ئىنساننى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئۈندەيدىغان
ئامىللار ھەممە بۇ ئىشتىن ئىنسان كۆزدە تۇتىۋاتقان غايە
چوڭقۇر ئۆگىنىلىشى لازىم. شۇندىلا ئىش قاچان ياخشى ياكى
يامان دەپ سۈپەتلىنىشى مەلۇم بولىدۇ. ئۈندىگۈچى ئامىللا-
رنى ۋە ئىنسان ئىنتىلىۋاتقان غايىنى بىلىش ئۇ ئېتىقاد
قىلىۋاتقان ئەقىدىنىڭ تۈرىگە باغلىق. مەسىلەن، اللەغا ئى-
مان كەلتۈرۈدىغان ھەممە خوجىمىز مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ
اللەنىڭ بۇيرۇق - توسۇقلىرىنى بايان قىلىپ بەرگۈچى ۋە
ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارى، ئۆزى ۋە باشقىلار بىلەن بولىدى-
غان ئالاقىلارنى تەرتىپكە سالغۇچى ئىسلام شەرىئىتى بىلەن
ئەۋەتكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈدىغان مۇسۇلماننىڭ بارچە
ئىشلارنى اللەنىڭ بۇيرۇق - توسۇقلىرى يۈرگۈزۈشى لازىم.
بۇ يۈرگۈزۈشتىن كۆزدە تۇتۇلغان غايە بولسا اللەنىڭ رازىلى-
قىغا ئېرىشىش بولۇشى لازىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنى
«اللەنى غەزەپلەندۈرىدىغان ياكى رازى قىلىدىغان ئىش»،
دەپ سۈپەتلىنىدۇ. ئەگەر ئىش اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا زىت
بولغىنى ۋە توسقان نەرسىلەردىن بولغىنى ئۈچۈن اللەنى
غەزەپلەندۈرىدىغان ئىش بولسا، بۇ يامان ئىشتۇر. اللەنىڭ
بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، توسقان نەرسىلەردىن قې-



چىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولسا، بۇ ياخشى ئىشتۇر.
شۇنىڭغا ئاساسەن ئېيتالايمىزكى، مۇسۇلماننىڭ نەزىرى-
دە اللەنى رازى قىلىدىغان ئىش ياخشى، غەزەپلەندۈرىدىغان
ئىش بولسا يامان ئىشتۇر. بۇ بولسا ئىنسان ھۆكۈمران
بولغان دائىرىدە ئۆزى تەرىپىدىن ياكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن
سادىر بولىدىغان ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئەمما ئىنسان ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولغان دائىرىدە
ئۇنىڭ تەرىپىدىن ياكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن سادىر بولىدىغان
ئىشلارغا كەلسەك، ئىنسان ئۇلارنى ياقتۇرۇش ياقتۇرماس-
لىقتا ياكى پايدا - زەرەرگە قاراپ «ياخشى» ياكى «يامان»
دەپ سۈپەتلەيدۇ.

الله تەئالا ئېيتتى:

**(ان الانسان خلق هلوعا. اذا مسه الشر جزوعا. واذا مسه الخير منوعا.)**

— «ئىنسان بىتاقەت قىلىپ يارىتىلغان. ئۇنىڭغا يامان-
لىق يەتسە پەرياد قىلىدۇ. ياخشىلىق (مال دۇنيا) يەتسە
بەخىللىق قىلىدۇ». 70:19-21

**(وانه لحب الخير لشديد)**

— «ئىنساننىڭ ياخشىلىققا (مال دۇنياغا) مۇھەببىتى
ناھايىتى كۈچلۈك» 100:8

لېكىن بۇ سۈپەت ئىشلارنىڭ ھەقىقىي سۈپىتى ئەمەس.
بەزى چاغلاردا ئىنسان ئەسلىدە يامان بولغان نەرسىنى ياخ-
شى، بەزىدە ياخشى نەرسىنى يامان دەپ بىلىدۇ. الله تەئالا
مۇنداق دەيدۇ:

**(وعسى ان تكرهوا شيئا وهو خير لكم وعسى ان تحبوا شيئا وهو شر لكم والله يعلم وانتم لاتعلمون)**

— «سىلەر ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈن ياخشى بولغان نەرسىنى

ياقتۇرمايلىقىڭلار ۋە سىلەر ئۈچۈن يامان بولغان نەرسىنى
ياخشى كۆرۈشىڭلار مۇمكىن. بۇنى اللە بىلىدۇ. سىلەر
بولسا بىلمەيسىلەر.» 2:216

ئىنساننىڭ ئىشلىرىغا چوڭقۇر ۋە يارقىن نەزەر تاشلاش
بارچە شەرت - شارائىتلار ۋە ئېتىبارلاردىن ئايرىغان ھالدا
ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئېتىبار بېرىلسە، ئۇلارنىڭ پەقەت ماددىدىن
ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىشلار ماددا بولغىنى
ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى «چىرايلىق» ياكى «سەت» دەپ
سۈپەتلەنمەيدۇ. بەلكى ئۇلاردىن تاشقىرىدىكى شەرت - شارا-
ئىتلار ۋە ئۇلاردىن باشقا تەرەپتىن كەلگۈچى ئېتىبارلاردىن
كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنى چىرايلىق ياكى سەت دەپ
سۈپەتلىنىدۇ. ئەمەلنىڭ چىرايلىق ياكى سەت ئىكەنلىكىنى
بايان قىلىدىغان ئەنە شۇ باشقا تەرەپ يالغۇز ئەقىلنىڭ ئۆزى
ياكى يالغۇز شەرىئەتنىڭ ئۆزى بولىدۇ، يا ئەقىل ئاساس
بولۇپ، شەرىئەت ئۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ ياكى شەرىئەت ئا-
ساس بولۇپ، ئەقىل ئۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ. ئىنساننىڭ
ئىشلىرىنى يالغۇز ئەقىل تەرىپىدىن سۈپەتلىنىشى خاتادۇر.
چۈنكى ئەقىل ئىختىلاپ، خىلمۇ - خىللىق ۋە زىددىيەتلەرگە
ئۇچرۇشى مۇقەررەردۇر. چۈنكى، ئەقىلنىڭ چىرايلىق ۋە
سەتلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچەملىرى ئۆزى ياشاپ تۇرغان
مۇھىتتىن تەسىرلىنىدۇ، بەلكى ئەسىرلەر ئۆتۈشى بىلەن
تۇرلۇك پەرق ۋە ئىختىلاپلارغا دۇچار بولىدۇ. ئەگەر چىراي-
لىق ۋە سەتلىكىنى بەلگىلەش ئەقىلنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلىدى-
غان بولسا، بىرەر نەرسە بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە
سەت بولسا، باشقىلار نەزىرىدە چىرايلىق بولىدۇ. بەلكى
بىرەر نەرسە بىر ئەسىردە چىرايلىق بولسا، باشقا ئەسىر



كەلگەندە سەت بولىدۇ. ئىسلام ئالەم شۇمۇل ۋە ئەبەدى مەبدەئ
سۈپىتىدە ئىشلارنى چىرايلىق ياكى سەت دەپ سۈپەتلەش
بارچە ئەسىرلەردە ھەممە ئىنسانلار ئۈچۈن بىر خىل بولۇشى-
نى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلارنىڭ چىرايلىق
ياكى سەتلىكى ئەقىلدىن تاشقىرىدىكى كۈچ تەرىپىدىن بەلگە-
لىنىشى زۆرۈر. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا شەرىئەت تەرىپىدىن
بەلگىلىنىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئىشلىرىنى
چىرايلىق ياكى سەت دەپ سۈپەتلەش يالغۇز شەرىئەتتىن
ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، خىيانەت - سەت ئىش، ئۆز ۋەدىسىگە
ۋاپاقىلىش - چىرايلىق ئىش، پاسىقلىق - سەت ئىش، تەقۋا
- چىرايلىق ئىش، ئىسلام دۆلىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش
- سەت ئىش، ئەگەر بۇ دۆلەت ناتوغرا سىياسەت يۈرگۈزگەن
بولسا، ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزۈتۈش چىرايلىق ئىشتۇر. چۈن-
كى، شەرىئەت بۇنى بايان قىلغان. ئەمما ئەقىل بەلگىلەپ
بەرگەن نەرسىلەرگە شەرىئەتنى دەلىل قىلىش چىرايلىق ۋە
سەتلىك ماۋزۇسىدا ئەقىلنى ھاكىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.
بۇنىڭ ناتوغرىلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق. ئەمما شەرىئەت
بەلگىلەپ بەرگەن نەرسىلەرگە ئەقىلنى دەلىل قىلىش شەرئى
ھۆكۈمگە ئەقىلنى دەلىل قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ھالبۇ-
كى شەرئى ھۆكۈمنىڭ دەلىلى ئەقىل ئەمەس، نۇسۇستۇر.
ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى شەرئى ھۆكۈمگە دەلىل بولۇش ئەمەس،
بەلكى شەرئى ھۆكۈمنى چۈشۈنۈشتۇر. بۇنىڭدىن كېلىپ
چىقىدۇكى چىرايلىق ۋە سەتلىك ئەقلى ئەمەس، پەقەت شەر-
ئىدۇر. ئىشلارنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن سۈپەتلەش
بىلەن چىرايلىق ۋە سەتلىك بىلەن سۈپەتلەش ئوتتۇرىسىدىكى
پەرق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلارنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق

بىلەن سۈپەتلەش ئۇلارنىڭ ئىنسان نەزىرىدىكى تەسىرى ۋە
ئۇنىڭغا قەدەم قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن باش تارتىش جەھەتتىن-
دۇر. ئىنسان ئۆزىگە زەرەر يېتىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغان
ئىشلارنى يامان دەپ ئاتىسا، ئۆزىگە پايدا يېتىدىغان ياكى
ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى ياخشى دەپ ھېساپلايدۇ. چىرايلىق
ۋە سەتلىكتىن قەتئىي نەزەر بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىگە بولغان
تەسىرى سەۋەبىدىن شۇنداق دەپ ھېساپلايدۇ. چۈنكى بۇ
ھالەتتە چىرايلىق ۋە سەتلىك ماۋزۇسى ئۇنىڭ خىيالىغا كەل-
مەيدۇ. شۇ نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسەن بىرىنچىسىغا قەدەم قويە-
دۇ، ياكى باش تارتىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەرگە تۈزىتىش كىر-
گۈزۈلدى، يەنى بىرەر ئىشنى ياقتۇرۇش - ياقتۇرماسلىق
ياكى پايدا زەرەرگە قاراپ ياخشىلىق ياكى يامانلىق دېيىلمەي-
دۇ. بەلكى ئۇنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقىنىڭ ئۆلچىمى الله
تائالانىڭ رازىلىقىدۇر. بۇ يەردە توختىلىش ئىشنىڭ ئۆزى
ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئادەملەر
ئادەتلەنگەن ئۆلچىمى ھەققىدە ماڭىدۇ.

ئەمما ئىشلارنى چىرايلىق ياكى سەت دەپ سۈپەتلەش
بولسا ئىنساننىڭ بۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشى ۋە ئۇ-
لارغا جازا ۋە ساۋاپ بېرىلىشى جەھەتتىن كېلىپ چىقىدۇ.
ئىنسان نەرسىلەرگە قىياس قىلىپ تۇرۇپ ئىشلارغا چىراي-
لىق ياكى سەت دەپ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى ئۆزىگە
بەرگەن، چۈنكى ئۇ ئاچچىق نەرسىگە سەت، تاتلىق نەرسىگە
بولسا چىرايلىق دەپ، سەت شەكىلگە سەت، گۈزەل شەكىلگە
چىرايلىق دەپ ھۆكۈم چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان-
لىقى ئۈچۈن، راست گەپ قىلىش - چىرايلىق ئىش، يالغان
گەپ قىلىش - سەت ئىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش چىرايلىق



ئىش، خىيانەت قىلىش سەت ئىش، دەپ ھۆكۈم چىقىرى-
ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگەمەن دەپ، ئويلىدى. نەتىجىدە ياخشى-
لىق يامانلىق تېمىسىدىن قەتئىي نەزەر ئىشلارغا چىرايلىق ياكى
سەت دەپ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى ئۆزىگە بەردى. چۈن-
كى بۇنداق ھالەتتە ئىشلارنىڭ ياخشىلىق - يامانلىق ماۋزۇسى
ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھۆكمىگە ئاسا-
سەن سەت ئىشلارغا جازا ئۇقۇبەتلەرنى، چىرايلىق ئىشلارغا
بولسا مۇكاپاتلارنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ھۆكۈمگە ئىش نەرسىگە
قىياس قىلىنمايدۇ، دەپ تۈزۈتۈش كىرگۈزۈلدى. چۈنكى
نەرسىدە ئاچچىقلىق، شېرىنلىق، سەتلىك ۋە گۈزەللىكنى
سەزگۈلەر ئىدراك قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقى-
رىشى مۇمكىن بولىدۇ. ئىش بولسا بۇنىڭ ئەكسىدۇر.
چۈنكى ئۇنىڭدا ئىنسان ھېس قىلىدىغان نەرسە يوق. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىدىن چىرايلىق ياكى سەت دەپ ھۆكۈم
چىقىرالمايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئىنسان ئىشنىڭ ئۆزىگە
قاراپ چىرايلىق ياكى سەت دەپ ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ. دې-
مەك ئىنسان بۇ ھۆكۈمنى ئىشنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى
باشقىدىن، يەنى الله تائالادىن ئېلىشى زۆرۈر. بۇ يەردە
توختىلىش ئىشلارنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئۇ-
لارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ھەققىدە بولماقتا. بۇ
يەردە توختىلىش ئىشلارغا قەدەم قويۇش ياكى ئۇلاردىن باش
تارتىش ھەققىدە ئەمەس، ئۇلارغا جازا ياكى ساۋاپ بەلگىلە-
نىشى ھەققىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە يامان-
لىق بىلەن چىرايلىق ۋە سەتلىك ئوتتۇرىسىدا پەرق بولۇپ
بۇلار ئالاھىدە - ئالاھىدە توختىلىشلاردۇر.
بۇلار ئىشنى سۈپەتلەشكە نىسبەتەندۇر. ئەمما ئىشتىن

كۆزلەنگەن مەقسەتكە كەلسەك، مەلۇم بىر ئىشنى بىجىرىۋاتـ-
قان ھەربىر ئادەمنىڭ شۇ ئىشنى بىجىرىشتىن كۆزلىگەن
مەقسىدى بولۇشى مۇقەررەردۇر. بۇ مەقسەت ئىشنىڭ قىمـ-
مىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنى قىلىۋاتقان چاغدا ھەربىر
ئىشنى ئىنسان ۋۇجۇتقا چىقىرىشنى نەزەردە تۇتقان قىممىتى
بولۇشى زۆرۈردۇر. ئەكسىچە بولسا بۇ ئىش بىھۇدە ئىش
بولۇپ قالىدۇ. ئىنسان ئۆز ئەمەللىرىنى مەقسەتسىز بىھۇدە
بىجىرىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى ئىشلارنىڭ ئۇلارنى بىجىـ-
رىشتە كۆزلەنگەن قىممەتلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ئۆز
ئېتىبارىنى قارىتىشى لازىم.

ئىشنىڭ قىممىتى ماددى قىممەت بولىدۇ. تىجارەت،
زىرائەت، سانائەت ئىشلىرىغا ئوخشاش. چۈنكى بۇنداق ئىشـ-
لارنى قىلىشتىن مەقسەت ماددى پايدىلارنى يەنى دارامەتنى
ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتۇر. بۇ قىممەت ھاياتدا ئۆز ئورنىغا ئىگە
بولغان قىممەتتۇر. ياكى ئىشنىڭ قىممىتى ئىنسانى قىممەت
بولىدۇ. سۇغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان ئادەمنى قۇتقۇزۇۋې-
لىش ياكى پەرياد چېكىپ ياردەم سوراۋاتقان بىچارىلەرگە
ياردەم بەرگەنگە ئوخشاش. چۈنكى بۇنداق ئىشلاردىن كۆزلەنـ-
گەن مەقسەت رەڭگى، جىنسى ۋە دىنىدىن ياكى ئىنسانلىقىـ-
دىن باشقا ھەرقانداق ئېتىبارلاردىن قەتئىنەزەر ئىنساننى قۇتـ-
قۇزۇپ قېلىشتۇر.

ياكى ئىشنىڭ قىممىتى ئەخلاقى قىممەت بولىدۇ.
راست گەپ قىلىش، ئامانەتدار بولۇش، ۋە رەھىمدىللىققا
ئوخشاش. چۈنكى بۇ ئىشلاردىن كۆزلەنگەن مەقسەت پايدىلار-
دىن ياكى ئىنسانلىقتىن قەتئىنەزەر ئەخلاقى جەھەتلەردۇر.
چۈنكى ئەخلاق گاھىدا ئىنساندىن باشقىنىمۇ قوللىنىدۇ.



ھايۋان ۋە قۇشلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىشقا ئوخشاش.
گاھىدا ئەخلاقى ئىشتىن ماددى زەرەر يېتىشىمۇ مۇمكىن.
لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ قىممىتىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش لازىـ-
دۇر. ئۇمۇ ئەخلاقى جەھەتتۇر. ياكى ئىشنىڭ قىممىتى
روھى قىممەت بولىدۇ. ئىبادەتلەرگە ئوخشاش. چۈنكى ئۇ-
لاردىن مەقسەت ماددى پايدىلارمۇ، ئىنسانى جەھەتلەرمۇ ۋە
ئەخلاقى مەسىلىلەرمۇ ئەمەس. بەلكى بۇلارنى بىجىرىشتىن
مەقسەت پەقەت ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا قىممەتلەر-
دىن قەتئىنەزەر بۇ ئىشلارنىڭ پەقەت روھى قىممىتىنى ۋۇ-
جۇتقا چىقىرىشقا ئېتىبار بېرىش لازىم. مەزكۇر قىممەتلەر
بارچە ئىشلارنىڭ قىممەتلىرىدۇر. ئىنسان ئىشلارنىڭ ھەر-
بىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇدىكەن، شۇ قىممەتلەرنى ۋۇجۇتقا
چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئىنسانى جەمئىيەتلەر دۇنياۋى ھاياتىدا شۇ قىممەتلەرگە
قاراپ ھەمدە جەمئىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان قىممەتلەر-
نىڭ ۋە ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق كاپالەتلىنىۋاتـ-
قان پاراۋانلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ مىقدارىغا قاراپ باھالىـ-
نىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان جەمئىيەت پاراۋانلىقى ۋە
يۈكسىلىشىگە ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇشى، شۇ ۋاقىتنىڭ
ئۆزىدە ئۆزىنىڭمۇ پاراۋانلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈ-
رۈشى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭدىن
كۆزلىگەن قىممەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچـ-
نى سەرپ قىلىشى لازىمدۇر

ئەسلىدە بۇ قىممەتلەر بىر - بىرىدىن ئەۋزەلمۇ، بىر
- بىرىگە تەڭمۇ ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنى
ئىككىنچىسىگە تەڭلەشتۈرۈشكە ياكى بىرىنى ئىككىنچىسىـ-

دىن ئەۋزەل كۆرۈشكە ئاساس قىلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلەر
مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىنسان ئېنىق بولغان ئىشنى
بېجىرىۋاتقان پەيتتە كۆزلەنگەن نەتىجىلەردۇر. شۇنىڭ ئۇ-
چۈنمۇ مەزكۇر قىممەتلەرنى بىر تارازىغا قويۇش ۋە بىر خىل
ئۆلچەمدە ئۆلچەپ كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار
بىر - بىرىگە زىت بولمىسىمۇ، بىر - بىرىدىن پەرقلىقتۇر.
لېكىن قىممەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىكىنى تاللاش ئۈچۈن ئۇلارنى
بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئىنساننىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر.
گەرچە ئۇلار بىر- بىرىدىن ئەۋزەل، بىر- بىرىگە تەڭ بولمى-
سىمۇ، ئىنسان بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ
بىرىنى يەنە بىرىدىن ئۈستۈن قويىدۇ ۋە تەڭلەشتۈرىدۇ.
بۇنداق ئۈستۈن قويۇش ۋە تەڭلەشتۈرۈپ كۆرۈش قىممەتنىڭ
ئۆزىگە ئاساسلانمايدۇ، بەلكى ئىنسانغا ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان
نەتىجىلەرگە ئاساسلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئىنسان قىم-
مەتلەرنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئۈستۈن قويۇش ۋە تەڭلەش-
تۈرۈشتە ئۆزىنى ۋە بۇ قىممەتلەردىن ئۆزىگە كېلىۋاتقان پايدا
ۋە زەرەرنى ئاساس قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى ياكى بۇ
قىممەتلەردىن قولغا كېلىۋاتقان نەتىجىلەرنى ئۆلچەم قىلىۋا-
لىدۇ. دېمەك، ھەقىقەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا قىممەتلەرنىڭ
ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىنسانغا ئۇلاردىن كېلىۋات-
قان نەتىجىلىرىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئۈستۈن قويۇش
ھاسىل بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ بۇ قىممەتلەرنىڭ نەتىجىلىرىگە
مايىللىقلىرى ھەرخىل بولىشى سەۋەبىدىن قىممەتلەرنىڭ بە-
رىنى يەنە بىرىدىن ئۈستۈن قويۇشلىرىمۇ ھەرخىل بولىدۇ.
روھى تۇيغۇلار غالىب بولغان، بۇ تۇيغۇلارغا مايىللىقى
كۈچلۈك بولغان ۋە ماددى قىممەتكە ئېتىبارسىز قارايدىغان



شەخسلەر ماددى قىممەتتىن روھى قىممەتنى ئۈستۈن قويۇ-
دۇ. نەتىجىدە پەقەت ئىبادەتلەرگە ئېتىبار بېرىپ، ماددى
ئىشلاردىن كۆڭۈللىرىنى ئۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھايات ماد-
دى نەرسىلەردىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئار-
لاشمايدۇ. ئاقىبەتتە ھاياتنىڭ ماددى جەھەتتىن قالاقلىشىپ
قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزلىرى
ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش دەرىجىسى پەسىيىپ
كېتىدۇ، چۈنكى بۇنداق جەمئىيەتتە ھورۇنلۇق ۋە نامراتلىق
كەڭ كېڭىيىپ كېتىدۇ.
ماددى خاھىشلىرى ئۈستۈن بولغان، ھاۋايى نەپسىگە
قۇل بولۇپ قالغان ۋە روھى قىممەتكە ئېتىبارسىز قارايدىغان
شەخسلەر بولسا ماددى قىممەتنى ئەۋزەل كۆرۈپ، ئۇنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا ئالى
مەقسەتلەر ھەرخىل بولىدۇ. بۇنداق شەخسلەر سەۋەبىدىن
ئۇلار ياشاپ تۇرغان جەمئىيەت خاتىرجەم بولمايدۇ. ئۇنىڭدا
ياۋۇزلۇق ۋە بۇزۇقچىلىق ئەۋجىگە چىقىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر قىممەتلەرنى بەلگىلەشنى ئىن-
ساننىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ قويۇش خاتادۇر. بەلكى بۇ قىم-
مەتلەر ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسى تەرەپىدىن، يەنى اللە تائالا
تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى لازىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانغا
بۇ قىممەتلەرنى ۋە ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقتىنى شەرى-
ئەت بەلگىلەپ بېرىشى ھەمدە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە
قاراپ ئىنسان بۇ قىممەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىمدۇر.
شەرىئەت ھايات مۇئامىلىرىنى مۇئالىجە قىلىشنى اللە-
نىڭ بۇيرۇق - توسۇقلىرى ئارقىلىق بايان قىلىپ، بۇ ھاياتتا
شۇ بۇيرۇق - توسۇقلىرىغا مۇۋاپىق مېڭىشنى ئىنسانغا ۋا-

… شۇنىڭدەك روھى قىممەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان ئەمەللەرنى، يەنى پەرز ۋە سۈننەت دەپ بەلگىلىگەن ئىبادەتلەرنى بايان قىلدى. ھەمدە ئەخلاقى قىممەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان سۈپەتلەرنىمۇ بايان قىلدى. ئاساسى زۆرۈرەت ۋە ئېھتىياجلىرىنى ۋە ئۇلاردىن ئاشقىرىدىكى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ماددى قىممەتنى مەخسۇس قانۇنغا مۇۋاپىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىنسانغا قالدۇردى. بۇ مەخسۇس قانۇننى شەرىئەت بايان قىلىپ ئىنساننى ئۇنىڭدىن ئېغىپ كەتمەسلىككە بۇيرىغاندۇر. ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى بۇ قىممەتلەرنى اللەنىڭ بۇيرۇق - توسقۇلىرىغا مۇۋاپىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ۋە ئۇلارنى شەرىئەت بايان قىلىپ بەرگەن مىقداردا ئېلىشى لازىم.

بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ئۇنىڭغا مۇئەييەن جەمئىيەت سۈپىتىدە لازىم بولىدىغان مىقداردا قىممەتلەر ۋۇجۇتقا چىقىدۇ ۋە بۇ جەمئىيەت شۇ قىممەتلەرگە قاراپ ئۆلچىنىدۇ. ھايات ھەققىدىكى ئىسلامىي كۆز قاراشقا مۇۋاپىق ئىسلامىي جەمئىيەت ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۈچۈن قىممەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش يولىدا شۇ ئاساستا ھەرىكەت قىلىش لازىمدۇر.

شۇنىڭغا ئاساسەن ئىنساننىڭ ئىشى ماددا بولۇپ، ئىنسان ئۇنى ماددى رەۋىشتە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. لېكىن ئۇ ئىشنى بېجىرىش ۋاقتىدا ئۇ ئىشنىڭ ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكى جەھەتتىن اللەغا بولغان ئالاقىسىنى ئىدراك قىلىپ، شۇ ئاساستا ئىشنى قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن باش تارتىدۇ. ئىنساننىڭ اللەغا بولغان ئالاقىسىنى بۇنداق ئىدراك قىلىشى روھتۇر. شۇ ئىدراك ئىنساننى ئۆز ئىشلىرىنى پەرق ئېتىۋېلىشى ئۈچۈن اللەنىڭ شەرىئىتىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر



قىلىدۇ. نەتىجىدە اللەنى رازى قىلىدىغان ۋە غەزەپلەندۈردىغان ئىشلارنى بىلگەندە ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىشنى، شەرىئەت ئۇنىڭغا چىرايلىق ۋە سەت ئىشلارنى بەلگىلەپ بەرگەن پەيتتە بولسا سەت ئىش بىلەن چىرايلىق ئىشنى پەرق ئېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئىسلامىي جەمئىيەتتە ئىسلامىي ھايات ئۈچۈن لازىم بولغان قىممەتلەرنى شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگىنىدەك باھالىشى ئۈچۈن ئىنساننى اللەنىڭ شەرىئىتىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىدىغان نەرسىمۇ شۇ ئىدراكتۇر. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئېنىق بولغان بىر ئىشنى قىلىۋاتقان ۋە اللەغا بولغان ئالاقىسىنى ئىدراك قىلىۋاتقان پەيتتە شۇ ئىدراكقا مۇۋاپىق ئاشۇ ئىشقا قەدەم قويۇش ياكى ئۇنىڭدىن باش تارتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى شۇ ئىشنىڭ تۈرىنى، سۈپىتىنى ۋە قىممىتىنى بىلىدۇ. مانا شۇنىڭدىن مەلۇمكى ئىسلام پەلسەپىسى ماددىنى روھقا ئارىلاشتۇرۇشتىن، يەنى ئىشلارنى اللەنىڭ بۇيرۇق - توسقۇلىرىغا مۇۋاپىق يۈرگۈزۈلىدىغان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ پەلسەپە ھەربىر ئىش ئۈچۈن — ئۇ قانچە ئاز ياكى كۆپ، كىچىك ياكى چوڭ بولمىسۇن — لازىم ۋە دائىمىي پەلسەپەدۇر. بۇ پەلسەپە ئەينى پەيتتە ھاياتنىڭمۇ تەسۋىرىدۇر. ئىسلامىي ئەقىدە ھاياتنىڭ ئاساسى، پەلسەپەنىڭ ئاساسى بولغىنى ئۈچۈن ئىسلامىي دۇنيا قاراش، يەنى ئىسلام نۇقتىئىنەزەرىدىكى ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر يىغىندىسى يېگانە روھى ئاساسقا، يەنى ئەقىدىگە قۇرۇلغاندۇر. ئۇنىڭ ھاياتنى تەسۋىرلىشى ماددىنى روھقا ئارىلاشتۇرۇشتۇر. ئۇنىڭ نەزەرىدە بەختنىڭ مەناسى اللەنىڭ رازىلىقىدۇر.

ئەڭ چوڭ تۇيغۇنى يېشىپ بېرىدىغان ئەقىدە ئىنسان

ئىشلىرىنىڭ ئاساسى ئىكەن، ھايات ھەققىدىكى كۆز قاراشمۇ ئۇنىڭغا ئاساسلىنىدىكەن، شۇنىڭدەك پەلسەپە بولسا بۇ ئىش-لارنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرىدىكەن، ئۇ ھالدا ئەقىدىدىن كېلىپ چىقىدىغان قانۇنلار ئىنسان مۇئامىلىرىنى مۇئالىجە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان ئامىل-دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنلارنى تەتبىقلاش دىيارنى دارۇل-كۇفرى ياكى دارۇلئىسلام دەپ ھېساپلاشنىڭ ئۆلچىمىدۇر.

ئىسلام قانۇنلىرى تەتبىق قىلىنىۋاتقان ۋە اللە نازىل قىلغان ھۆكۈملەر بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈلۈۋاتقان دىيار ئاھا-لىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، «دارۇل ئىس-لام» دەپ ھېساپلىنىدۇ. اللە نازىل قىلمىغان ئەھكاملار بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈلىۋاتقان دىيار ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولسىمۇ، «دارۇل كۇفرى» دەپ ئېتىبار-قىلىنىدۇ. دېمەك ئەقىدىدىن كېيىن ھېساپقا ئېلىنىدىغان نەرسە ئىسلام قانۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھايات مەيدانىدا تەتبىق قىلىنىشىدۇر. چۈنكى بۇ قانۇنلارنىڭ تەتبىق قىلىنىشى ئە-قىدە بىلەن بىرلىكتە ئۇممەتنىڭ ئىچىدە ئىسلامىي ئەقلىيە ۋە ئىسلامىي نەپسىيەنى تەبئى رەۋىشتە ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ ۋە مۇسۇلماننى يۈكسەك ئىلغار شەخسىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

ئىسلام ئىنسانغا بۆلۈنمەس بىر پۈتۈن دېگەن ئېتىباردا قاراپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلار قانچە كۆپ ۋە خىلمۇ - خىل بولمىسۇن، شەرئى ئەھكاملار بىلەن يىگانە ۋە ئۇيغۇن سۇرەت-تە تەرتىپكە سالدى. بۇ شەرئى ئەھكاملار ئىنسان مۇئەممالە-رىنى مۇئالىجە قىلىدىغان ئىسلامىي قانۇنلاردۇر. لېكىن بۇ قانۇنلار ئۇنىڭ مۇئامىلىرىنى يېشىپ بېرىۋاتقىنىدا ئۇلار-نى، ھەربىر مۇئەممانى يېشىشكە مۇھتاج مۇئەمما، يەنى



شەرئى ھۆكۈمگە مۇھتاج مەسىلە دەپ ھېسابلاپ مۇئالىجە قىلىدۇ، يەنى بارچە مۇئامىلىلارنى باشقا سۈپەت بىلەن ئەمەس پەقەت ئىنسانى موئامىلا سۈپىتىدە، بىر خىل سورەتتە مۇئالى-جە قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام پۇل بىلەن تەمىنلەشكە ئوخ-شاش ئىقتىسادىي مەسىلىنى ياكى خەلىپىنى تىكلەشكە ئوخ-شاش ھاكىمىيەت مەسىلىسىنى ياكى ئۆيلۈنۈشكە ئوخشاش ئىجتىمائى مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا ئۇلارنى ئىقتىسا-دىي مەسىلە ياكى ھاكىمىيەت مەسىلىسى ياكى ئىجتىمائى مەسىلە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىنسانى مەسىلە سۈپىتىدە، يەنى شەرئى ھۆكۈمگە مۇھتاج مەسىلە دېگەن ئېتىباردا بىر تەرەپ قىلىدۇ. كېيىن ئۇنىڭغا شەرىئەتتىن ھەل قىلىدىغان ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ئىنسان مۇئامىلىلىرىنى مۇئالىجە قى-لىشتا ئىسلامنىڭ يىگانە تەرىقىتى بار. بۇ تەرىقەت يۈز بەر-گەن مۇئامىلىنى چۈشۈنۈۋېلىش ۋە بۇ مۇئامىلا ھەققىدىكى اللەنىڭ ھۆكمىنى شەرئى تەپسىلى دەلىللەردىن ئىستىنبات قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىسلامىي قانۇنلار ئىبادەت، ئەخلاق، يېمەك - ئىچ-مەك، كىيىم - كېچەك، مۇئامىلە ۋە جازالارغا مۇناسىۋەت-لىك شەرئى ئەھكاملاردۇر.

ئىبادەت، ئەخلاق، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك-لەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار ئىللەتلەنمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھاراق ھاراقلىقى ئۈچۈن ھا-رام قىلىندى»، ئەمما مۇئامىلە ۋە جازالارغا مۇناسىۋەتلىك شەرئى ئەھكاملار بولسا ئىللەتلىنىدۇ. چۈنكى بۇلار ھەققە-دىكى شەرئى ئەھكاملار شۇ ئەھكاملارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۈچۈن سەۋەب بولغان ئىللەتكە ئاساسلانغاندۇر. كۆپچىلىك



www.uyghurkitap.com

بارچە ئىشلار ئۈچۈن ساپ مەنپەئەتنى ئاساس قىلىنىۋالىدىغان
غەرب پىكرىي يېتەكچىلىكى ۋە غەرب دۇنيا قارىشىنىڭ تەسىر-
گە ئۇچراپ بارلىق ھۆكۈملەرنى مەنپەئەت بىلەن ئىللەتلەشكە
ئادەتلەنگەن. بۇ نەرسە روھنى بارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئاساس
قىلىدىغان ۋە روھ بىلەن ماددىنىڭ ئارىلاشتۇرۇلىشىنى ئىش-
لارنى باشقۇرغۇچى ئامىل قىلىدىغان ئىسلام پىكرىي يېتەك-
چىلىكىگە زىتتۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن ئىبادەت، ئەخلاق،
يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلەرگە مۇناسىۋەتلىك
شەرئى ھۆكۈملەر مۇتلەق ئىللەتلەنمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھۆكۈم-
لەرنىڭ ھېچقانداق ئىللىتى يوق. بەلكى نۇسۇسلاردا قانداق
كەلگەن بولسا شۇنداق ھالدا ئېلىنىدۇ، ئۇلارغا مۇتلەق ئىل-
لەت كۆرسىتىلمەيدۇ. ناماز، زاكات، روزا، ھەج، نامازنى
ئوقۇش ھالىتى، ھەج مۇراسىملىرى، زاكات نىساپلىرى ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق
ئېلىنىدۇ. ئىللەتتىن قەتئىينەزەر تولۇق تەسلىم بىلەن قو-
بۇل قىلىنىدۇ. بەلكى ئۇلارغا مۇتلەق ئىللەت ئىزدەلمەيدۇ.
شۇنىڭدەك ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى، توڭگۇز گۆشى، ۋە
باشقانەرسىلەرنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىغىمۇ ھېچ ۋاقىت ئىل-
لەت ئىزدەلمەيدۇ. بەلكى ئۇلارغا ئىللەت ئىزدەش خاتا ۋە
خەتەرلىكتۇر. چۈنكى بۇ نەرسىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئىللەت
ئىزدىلىنىدىغان بولسا، بۇ ئىللەت يوقالغان ۋاقىتتا ھۆكۈممۇ
يوقۇلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئىللەت ئىللەتلەنگۈچى
بىلەن بارلىق ۋە يوقلۇقتا بىللە بولىدۇ. پەرەز قىلايلى
تاھارەتنىڭ ئىللىتى پاكلىق، نامازنىڭ ئىللىتى بەدەن تەربى-
يە، روزىنىڭ ئىللىتى ساغلاملىق بولسۇن ۋە ھاكازا، بۇ
ھالەتتە ئىللەت بولمىغان ۋاقىتتا ھۆكۈممۇ بولماسلىقى كېرەك.



لىپ چىقىدۇ، ھالبۇكى ئىش بۇنداق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن ئىللەت ئىزدەشتە ھۆكۈمنىڭ ئۆزىگىمۇ، ئۇنى ئىجرا
قىلىشقىمۇ خەتەر باردۇر. دېمەك، ئىبادەت ھۆكۈملىرى
ئۇلارغا ئىللەت ئىزدىمەستىن قانداق بولسا شۇنداق ئېلىنىشى
لازىم. ئەمما ھېكمەتلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى يالغۇز الله
تائالانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىمىز اللەنىڭ ھەقىقى-
تىنى ئىدراك قىلالمايدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن اللەنىڭ ھېك-
مەتلىرىنىمۇ ئىدراك قىلالمايدۇ. ئەمما تۆۋەندىكى ئايەتلەر
ۋە ئۇلاردىن باشقا نۇسۇسلاردا كەلگەن ھېكمەتلەرگە كەل-
سەك، الله تەئالا دېدى:

**(ان الصلاة تنهى عن الفحشاء والمنكر)**

— «ناماز پەھىشى ۋە مۇنكەرلەردىن قايتۇرىدۇ» 45:29

الله تەئالا دەيدۇ:

**(ليشهدوا منافع لهم)**

— «ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن بولغان مەنپەئەتلەرگە شا-
ھىد بولۇشى ئۈچۈن...» 22:28

الله تائالا دەيدۇ:

**(وما اتيتم من زكاة تريدون وجه الله فاولئك هم المضع-
فون)**

— «اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ بېرىۋاتقان زاكاتلىرىڭ-
لار... بۇنداق زاكات بەرگۈچىلەر ماللىرىنى ئىككى ھەسسە
قىلىپ ئالغۇچىلاردۇر». 30:39

بۇ ھېكمەتلەردە نۇسۇسنىڭ ئۆزىگە چەكلىنىپ، پەقەت
ئۇنىڭدىن ئېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا باشقا نۇسۇس قىياس قىلىن-
مايدۇ. نۇسۇسدا ھۆكۈمنىڭ ھېكمىتى كەلمىگەن شەرئى
ئەھكاملارغا ئىللەت ئىزلەنمىگىنىدەك ھېكمىتىمۇ ئىزلەنمەي-

دۇ.
ئەخلاقتا كەلسەك، ئۇ شۇنداق قىممەتكى، يۈكسەك پە-
زىلەتلەر ۋە ئالىيجاناپ سۈپەتلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ قارمۇ -
قارشىلىرى باياندا ئۇنىڭغا ئېنىق ھۆكۈملەر بەلگىلەنگەن.
شۇنىڭدەك ئۇ ئىبادەت نەتىجىلىرىدىن ۋە مۇئامىلەلەردە رىئا-
يە قىلىنىشى لازىم بولغان ئىشلاردىن دەپ ئېتىبار قىلىنغان.
چۈنكى ئىسلام ئۆز قانۇنچىلىقىدا قادىر بولغان ئەڭ ئالى
دەرىجىگە يېتىشى ئۈچۈن ئىنساننى كامالەت يولىدا ماڭدۇ-
رۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئىنساننىڭ
ئالى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشىنى ۋە شۇ سۈپەتلەردە دائىم
تۇرۇشنى خالايدۇ. چىرايلىق ئەخلاق مۇجەسسەم قىلىنىۋاتقان
ۋاقىتتا ۋۇجۇتقا چىقىرىلىشى كۆزدە تۇتۇلغان قىممەت-
تۇر. چىرايلىق ئەخلاق شەرىئەت نۇسۇسلىرىدا بايان قىلغان
پەزىلەتلەرگە خاسدۇر. بۇ پەزىلەتلەر ئورۇندىلىنىۋاتقان ۋە
مۇجەسسەم قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ئەخلاقى قىممەت كۆزدە تۇ-
تۇلىدۇ. ئەخلاق ئىسلامىي شەرىئەتنىڭ بىربۆلىكى ۋە الله
تائالانىڭ بۇيرۇق - توسۇقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مۇ-
سۇلمان ئىسلامغا ئەمەل قىلىشى ۋە اللەنىڭ بۇيرۇق - تو-
سۇقلىرىنى بېجىرىشى مۇكەممەل بولىشى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزى-
دە بەرپا قىلىشى زۆرۈر.
مۇسۇلمان ئەخلاقى سۈپەتلەرنى ئەخلاقى سۈپەتلىكى ئۈ-
چۈن، ئۇلاردا مەنپەئەت بارلىقى ئۈچۈن ۋە باشقا بىرەر نەرسە
ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلارنى الله تائالا بۇيرىغىنى ئۈچۈنلا ئۆزىدە
مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، مۇسۇلمان راست-
چىللىقنى راستچىللىق بولغىنى ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭدا مەنپەئەت
بارلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شەرىئەت بۇيرىغانلىقى ئۈ-



چۈن ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ.
ئەمما مۇسۇلمان ئەخلاقى سۈپەتلەرنى، ئەخلاق بولغىنى
ئۈچۈن ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرمەسلىكى بولسا نەرسىلەرنى
سۈپەتلەشكە باغلىقتۇر. گاھىدا ئىنسان ئىش ئىكەنلىكىنى
ئېتىبارغا ئېلىپ، ياخشى ئىش دەپ ئويلاپ، ئەمەلگە ئاشۇر-
غان ئىش يامان ئىش بولىشى مۇمكىن. گاھىدا ئىنسان
سۈپەت ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ياخشى سۈپەت دەپ
ئويلاپ، ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان سۈپەت يامان سۈپەت
بولۇشى مۇمكىن. مانا شۇيەردە ئىنساننىڭ ئەخلاقنى ئەخلاق
بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرىشى سەۋەبىدىن خا-
تا سادىر بولىدۇ. ئىسلام ياخشى ۋە يامان سۈپەتلەرنى بەلگە-
لەپ بەرمەيدىكەن، مۇسۇلمان شۇ بايان ئاساسىدا ئۇلارنى
ئورۇندىمايدىكەن، ئۇنىڭ بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم-
لەشتۈرۈشى شەرئى ھۆكۈملەرگە مۇۋاپىق بولمايدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن مۇسۇلمان راستچىللىق بولغىنى ئۈچۈنلا راستچىل-
لىقنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرمەسلىكى، رەھىمدىللىق
بولغىنى ئۈچۈنلا، ئاجىزلەرگە رەھىم قىلماسلىقى، بارلىق
ئەخلاقى سۈپەتلەرنى ئەخلاق بولغىنى ئۈچۈنلا ئۆزىدە مۇجەس-
سەم قىلماسلىقى، بەلكى مۇسۇلمان بۇ ئىشلارنى الله تائالا
بۇيرۇغىنى ئۈچۈنلا ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈشى لازىمدۇر.
چۈنكى، ئەخلاق ئىسلام ئەقىدىسىگە تايىنىدۇ، ئەخلاقنىڭ
ئاساسىمۇ شۇدۇر. بۇ نەرسە ئەخلاقنىڭ ئىنساندا مۇستەھكەم
ئورۇنلىشىشىغا، ئەخلاقنى ھەرقانداق كىرلەردىن پاك ساق-
لاشقا كېپىل بولىدۇ ۋە شەخسنى بۇزىدىغان ئامىللار كە-
رىپ قېلىشىدىن ئىنساننى يىراق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئەخلاقنى ئاسراش ئەخلاق ھەققىدە نۇسۇسلاردا كەلگەن ئەھ-

دۇ.

ئەخلاقتا كەلسەك، ئۇ شۇنداق قىممەتكى، يۈكسەك پەزىلەتلەر ۋە ئالىيجاناپ سۈپەتلەر ھەممە ئۇلارنىڭ قارمۇ - قارشىلىرى بايانىدا ئۇنىڭغا ئېنىق ھۆكۈملەر بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدەك ئۇ ئىبادەت نەتىجىلىرىدىن ۋە مۇئامىلەلەردە رىئايە قىلىنىشى لازىم بولغان ئىشلاردىن دەپ ئېتىبار قىلىنغان. چۈنكى ئىسلام ئۆز قانۇنچىلىقىدا قادىر بولغان ئەڭ ئالىي دەرىجىگە يېتىشى ئۈچۈن ئىنساننى كامالەت يولىدا ماڭدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئىنساننىڭ ئالىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشىنى ۋە شۇ سۈپەتلەردە دائىم تۇرۇشنى خالايدۇ. چىرايلىق ئەخلاق مۇجەسسەم قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ۋۇجۇتقا چىقىرىلىشى كۆزدە تۇتۇلغان قىممەتتۇر. چىرايلىق ئەخلاق شەرىئەت نۇسۇسلىرىدا بايان قىلىنغان قىممەت-پەزىلەتلەرگە خاسدۇر. بۇ پەزىلەتلەر ئورۇندىلىنىۋاتقان ۋە مۇجەسسەم قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ئەخلاقى قىممەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەخلاق ئىسلامىي شەرىئەتنىڭ بىربۆلىكى ۋە اللە تائالانىڭ بۇيرۇق - توسۇقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مۇسۇلمان ئىسلامغا ئەمەل قىلىشى ۋە اللەنىڭ بۇيرۇق - توسۇقلىرىنى بىجىرىشى مۇكەممەل بولىشى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزدە بەرپا قىلىشى زۆرۈر.

مۇسۇلمان ئەخلاقى سۈپەتلەرنى ئەخلاقى سۈپەتلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا مەنپەئەت بارلىقى ئۈچۈن ۋە باشقا بىرەر نەرسە ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلارنى اللە تائالا بۇيرىغىنى ئۈچۈنلا ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، مۇسۇلمان راستچىللىقنى راستچىللىق بولغىنى ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭدا مەنپەئەت بارلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شەرىئەت بۇيرىغانلىقى ئۈ-



چۈن ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ.

ئەمما مۇسۇلمان ئەخلاقى سۈپەتلەرنى، ئەخلاق بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرمەسلىكى بولسا نەرسىلەرنى سۈپەتلەشكە باغلىقتۇر. گاھىدا ئىنسان ئىش ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ياخشى ئىش دەپ ئويلاپ، ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىش يامان ئىش بولىشى مۇمكىن. گاھىدا ئىنسان سۈپەت ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ياخشى سۈپەت دەپ ئويلاپ، ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان سۈپەت يامان سۈپەت بولۇشى مۇمكىن. مانا شۇيەردە ئىنساننىڭ ئەخلاقنى ئەخلاق بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈشى سەۋەبىدىن خاتا سادىر بولىدۇ. ئىسلام ياخشى ۋە يامان سۈپەتلەرنى بەلگىلەپ بەرمەيدىكەن، مۇسۇلمان شۇ بايان ئاساسىدا ئۇلارنى ئورۇندىمايدىكەن، ئۇنىڭ بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈشى شەرئى ھۆكۈملەرگە مۇۋاپىق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان راستچىللىق بولغىنى ئۈچۈنلا راستچىللىقنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرمەسلىكى، رەھىمدىللىق بولغىنى ئۈچۈنلا، ئاجىزلارغا رەھىم قىلماسلىقى، بارلىق ئەخلاقى سۈپەتلەرنى ئەخلاق بولغىنى ئۈچۈنلا ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلماسلىقى، بەلكى مۇسۇلمان بۇ ئىشلارنى اللە تائالا بۇيرۇغىنى ئۈچۈنلا ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈشى لازىمدۇر. چۈنكى، ئەخلاق ئىسلام ئەقىدىسىگە تايىنىدۇ، ئەخلاقنىڭ ئاساسى شۇدۇر. بۇ نەرسە ئەخلاقنىڭ ئىنساندا مۇستەھكەم ئورۇنلىشىشىغا، ئەخلاقنى ھەرقانداق كىرلەردىن پاك ساقلاشقا كېپىل بولىدۇ ۋە شەخسنى بۇزىدىغان ئامىللار كىرىپ قېلىشىدىن ئىنساننى يىراق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخلاقنى ئاسراش ئەخلاق ھەققىدە نۇسۇسلاردا كەلگەن ئەھ-

كانلارغا بېگىرلىنىش روھى ئاساسقا چەكلىنىش ۋە ئۇنى
ئىسلامىي ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

ئەمما ئىنسان پايدىسى بارلىقى ئۈچۈن ئەخلاقنى ئۆزىدە
مۇجەسسەم قىلماسلىقى كۆزلەنگەن مەقسەت پايدا ئەمەسلىكە-
گە باغلىقدۇر. مەنپەئەت ئەخلاقنى بۇزۇپ قويماسلىقى ۋە
ئەخلاقنى مەنپەئەتكە قاراپ ئۆزگەرتىدىغان قىلىپ قويماسلىقى
ئۈچۈن ئۇ كۆزدە تۇتۇلماسلىقى كېرەك. ئەخلاق ئىنسان
ئىختىيارى رەۋىشتە اللەتىن قورقۇش تۈرتكىسى ئاساسىدا
ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈشى زۆرۈر بولغان سۈپەتلەردۇر.
مۇسۇلمان ئەخلاقى ئىشلارنى ھاياتتا پايدا ياكى زەرەر كەل-
تۈرگىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى اللەنىڭ ئەمرى - نەھىيلىر-
گە جاۋابەن ئادا قىلىدۇ: بۇ بولسا مۇسۇلمان ئۆزىدە چىراي-
لىق ئەخلاقنى مۇجەسسەملەشتۈرۈشنى دائىمىي ۋە مۇستەھ-
كەم، يەنى مەنپەئەتكە قاراپ ئۆزگەرمەيدىغان قىلىدۇ.

مەنپەئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەخلاق ئۆز ئىگىسىنى دى-
لى باشقا، تىلى باشقا مۇناپىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى
ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەخلاقنىڭ ئاساسى مەنپەئەت بولۇپ، ئۇنىڭ
ئەخلاقى مەنپەئەتكە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئىلە-
رى كۆرسىتىلگەن ھۆكۈملەرنى ئىللەتلىرى ئاساسىدا يۈر-
گۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىللىتى يوقالغىنىنى كۆرگەن پەيتىدە
بۇنداق ھۆكۈملەرنىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇلارنى بېجىرىش لازىملى-
قىغا ئېتىقاد قىلمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخلاق ئىللەتلەنگەن ئەمەس ۋە ئۇلارنى
ئىللەتلەش مۇتلەق توغرا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق ئىللەت-
تىن قەتئىينەزەر شەرىئەت قانداق بولسا شۇنداق ئېلىنىدۇ.
ئىللىتى يوقىلىش سەۋەبىدىن ئىنسان ئەخلاقنى ئۆزىدە مە-



جەسسەملەشتۈرۈشى توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئىل-
لەتلەش خاتا ۋە خەتەرلىكتۇر.

شۇنىڭدىن ئىبادەتلەردىن مەقسەت پەقەت روھى قىممەت
ۋە ئەخلاقتىن مەقسەت پەقەت ئەخلاقى قىممەت ئىكەنلىكى
ئايان بولىدۇ. ئىبادەت ۋە ئەخلاق ھەققىدە ئۇلاردىن كۆزلەن-
گەن مانا شۇ قىممەتكىلا چەكلىنىش لازىمدۇر. ئىبادەت ۋە
ئەخلاقتىكى پايدا ۋە مەنپەئەتلەرنى بايان قىلىش دۇرۇس
ئەمەس. چۈنكى بۇ بايان ئىبادەت ۋە ئەخلاق ئۈچۈن خەتەرلىك
بولۇپ، ئىبادەت قىلغۇچىلار ۋە ئەخلاقنى ئۆزىدە مۇجەسسەم
قىلغۇچىلار دا مۇناپىقلىققا سەۋەب بولىدۇ. ھەمدە ئىبادەت
ۋە ئەخلاقنىڭ پايدا ۋە مەنپەئەتلىرى كۆرۈنمىگەن پەيتتە ئۇلا-
رنى تاشلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسى-
ۋەتلىرىدىكى ئىشلارغا تەئەللۇق بولغان شەرئى ھۆكۈملەرگە
كەلسەك، ئۇلارغا دەلىل بولۇپ كەلگەن ئايرىم نۇسۇسلار
ئىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەنى نەزىرىدىن چۈشكەن غەنى-
مەتنى ئەنسارىلارغا بەرمەي مۇھاجىرلارغا بېرىش ھەققىدىكى
اللەنىڭ ئۇشبۇ سۆزىگە ئوخشاش:

(كي لايكون دولة بين الاغنياء منكم)

— «سىزلەرنىڭ بايلىرىڭىز ئوتتۇرىسىدا توپلىنىپ
قالماسلىقى ئۈچۈن» 59:7

ئايرىم نۇسۇسلار بولسا ئىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان:
اللە تەئالا دەيدۇ:

(واحل الله البيع وحرم الربا)

— «اللە سودىنى ھالال ۋە جازانىنى ھارام قىلدى»
2:275

نۇسۇس قايسى ھۆكۈملەرنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلغان

بولسا، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىللىتى كۆرسىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا
قىياس قىلىنىدۇ. قايسى ھۆكۈملەرنىڭ ئىللىتىنى بايان
قىلمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىللىتى مۇتلەق كۆرسىتىلمەيدۇ
ۋە ئۇنىڭغا قىياسمۇ قىلىنمايدۇ. ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىل-
لەت پەقەت شەرئى ئىللەت، يەنى كىتاپ ۋە سۈننەتتىن
ئىبارەت شەرئى نۇسۇس كۆرسەتكەن ئىللەتتۇر. چۈنكى كى-
تاپ ۋە سۈننەتلا شەرئى نۇسۇستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىللى-
تى بايان قىلىنغان شەرئى ھۆكۈم» ئاساسلانغان ئىللەت
ئەقلى ئىللەت ئەمەس، شەرئى ئىللەتتۇر، يەنى ئىللەت نۇ-
سۇسدا يا ئوچۇق ياكى دالالەتەن، ياكى ئىستىنباتەن يا قىيا-
سەن كەلگەن بولۇشى لازىمدۇر. بۇ ئىللەت بار ۋە يوقلۇقتا
ئىللەتلەنگەن ھۆكۈم بىلەن بىرگە بولىدۇ، يەنى ئىللەتلەنگەن
ھۆكۈملەر ئىللەتلىرى بىلەن دائىم بىرگە ماڭىدۇ. مەسى-
لەن، بىرەر نەرسە بىر ھالەتتە مۇئەييەن شەرئى ئىللەت
سەۋەبىدىن مەنئى قىلىنغىنىنى بۇ ئىللەت كەتكەندە ئۇنەرسە
توغرا بولۇپ، قالغىنىنى كۆرسىتىز. دېمەك، شەرئى ھۆكۈم
بارلىق ۋە يوقلۇقتا ئىللەت بىلەن بىرگە ماڭىدۇ، يەنى
ئىللەت مەۋجۇت بولسا، ھۆكۈممۇ مەۋجۇت بولىدۇ، ئىللەت
يوق بولسا، ھۆكۈممۇ يوق بولىدۇ.

لېكىن ئىللىتى كەتكىنى ئۈچۈن ھۆكۈمنىڭ بىكار بو-
لۇشى ھۆكۈم ئۆزگەردى، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن
مەسىلىنىڭ شەرئى ھۆكمى شۇ شۇ. ئۆزگەرگىنى يوق.
پەقەت ئىللىتى كېتىشى سەۋەبىدىن ھۆكۈم يوقالغان، ئىل-
لەت قايتىشى بىلەن ھۆكۈممۇ قايتىدۇ.

ھۆكۈمنىڭ بارلىق ۋە يوقلۇقتا ئىللەت بىلەن بىرگە
بولۇشى زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇ ھۆكۈملەر-



نىڭمۇ ئۆزگىرىشىنى بىلدۈرمەيدۇ. «پايدىلارنى ۋوجۇتقا چى-
قىرىش ۋە يامانلىقلارنى دەپئى قىلىش شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ
ئىللىتى بولۇپ، ئۇلار زامان ۋە ماكان ئۆزگىرىشى بىلەن
ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ھۆكۈممۇ ئۆز-
گىرىدۇ»، دېگەن دەۋا خاتادۇر. چۈنكى پايدىلارنى مەيدانغا
چىقىرىش ۋە يامانلىقلارنى دەپئى قىلىش شەرئى ھۆكۈملار
ئۈچۈن مۇتلەق ئىللەت ئەمەس. چۈنكى پايدىلارنى قولغا
كەلتۈرۈش ۋە يامانلىقلارنى دەپئى قىلىش شەرئى ھۆكۈملەر-
ئۈچۈن ئىللەت ئىكەنلىكىگە، ھەتتا مۇئەييەن بىر ھۆكۈم
ئۈچۈنمۇ ئىللەت ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان بىرەر نۇسۇس
كەلگەن ئەمەس. دېمەك، ئۇلار شەرئى دەلىل بولمايدۇ.

شەرئى ئىللەت پەقەت شەرئى نۇسۇس دالالەت قىلغان
ئىللەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇسۇسقا چەكلىنىش ۋە ئۇنىڭ
دالالىتى دائىرىسىدە توختاش زۆرۈردۇر. نۇسۇس پايدىنى
مەيدانغا كەلتۈرۈشكىمۇ، زەرەرنى دەپئى قىلىشقىمۇ دالالەت
قىلغان ئەمەس. دېمەك، شەرئى ئىللەت پايدىلارنى مەيدانغا
چىقىرىش ۋە زەرەرلەرنى يوق قىلىش ئەمەس، بەلكى نۇسۇس
كەلتۈرگەن نەرسە بولىدۇ. نۇسۇس ئېلىپ كەلگەن بۇ نەر-
سىگە زامان ۋە ماكانمۇ، بىرەر ئىش ھەركەتمۇ دالالەت
قىلغان ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلىشتا
شەرئى نۇسۇس ئۇنىڭغا دالالەت قىلغان. نۇسۇس بولسا مۇت-
لەق ئۆزگەرمەيدۇ. دېمەك، بۇ ئورۇندا پايدىنى مەيدانغا
كەلتۈرۈش ۋە زەرەرنى دەپئى قىلىشنىڭ، شۇنىڭدەك زامان
ۋە ماكاننىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى يوق.

شۇنىڭغا ئاساسەن شەرئى ئەھكاملار زامان ۋە ماكاننىڭ
ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ، بەلكى شەرئى ھۆكۈم قان-

داق بولسا ئۇنداق، زامانلار ۋە ماكانلار ئۆزگەرسىمۇ ئۆز-
گەرمەيدۇ.

ئەمما ئادەملەردىكى ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى
ھۆكۈمنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. چۈنكى ئۆرپ
- ئادەت ھۆكۈمگە ئىللەتمۇ، ئاساسمۇ ئەمەس. ئۆرۈپ -
ئادەت شەرىئەتكە زىت بولىشى ياكى زىت بولماسلىقى مۇم-
كىن. ئەگەر ئۇ شەرىئەتكە زىت بولسا، شەرىئەت ئۇنى بىكار
قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كەلگەن. چۈنكى بۇزۇق ئۆ-
رۆپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش شەرىئەتنىڭ ئىشىدۇر. چۈنكى
ئۇلار جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن ئۇلار شەرئى ھۆكۈمگە ئاساسمۇ، ئىللەتمۇ قىلىپ ئې-
لىنمايدۇ ۋە شەرئى ھۆكۈم ئۇلارغا قاراپ ئۆزگەرمەيدۇ.
ئەگەر ئۆرپ - ئادەت شەرىئەتكە زىت بولمىسا، شەرئى ھۆكۈم
بۇ ئۆرپ - ئادەت ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ شەرئى
دەلىلى ۋە ئىللىتى ئاساسىدا قارار تاپىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن
ئۆرپ - ئادەتنى شەرىئەت ئۈستىدىن ھەكەم قىلىنمايدۇ،
بەلكى شەرىئەتنى ئۆرپ - ئادەت ئۈستىدىن ھەكەم قىلىنىدۇ.
دېمەك، شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ دەلىلى نۇسۇس بولۇپ، ئۇ-
لارنىڭ شەرئى ئىللىتى مەۋجۇتتۇر. ئۆرپ - ئادەت مۇتلەق
دەلىلمۇ ئىللەتمۇ بولالمايدۇ.

ئەمما ئىسلامىي شەرىئەت بارچە زامان ۋە ماكان ئۈچۈن
يارايدىغانلىقىغا كەلسەك ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىسلامىي
شەرىئەت ئىنساننىڭ ھەممە زامان ۋە ماكانلاردىكى مۇئامىلە-
رىنى ئۆز ھۆكۈملىرى بىلەن ھەل قىلىپ بېرىدۇ. ئىسلام
شەرىئىتى ئىنسان مۇئامىلىرى قانچىلىك يېڭىلانمىسۇن ۋە
خىلمۇ - خىل بولمىسۇن ئۇلارنىڭ بارچىسىنىڭ يېشىمىنى



ئۆز ئىچىگە ئالغان. چۈنكى ئۇ ئىنسانلار مۇئامىلىرىنى ھەل
قىلىۋاتقان پەيتىدە ئىنساننى - باشقا سۈپىتىدە ئەمەس. ئىن-
سان سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئېلىپ ئۇنىڭ مۇئامىلىرىنى ھەل
قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما ئىنسان بارچە زامان ۋە ماكاندىمۇ
ئۆزگەرمەس غەرىزە ۋە ئۆزۋى ھاجەتلەرگە ئىگە بولغان ئىن-
ساندۇر. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مۇئامىلىرىنى ھەل قىلىپ بېر-
دىغان ھۆكۈملەرمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. ئۆزگەرگۈچى بولسا ئىن-
سان ھاياتىنىڭ شەكىللىرىدۇر. بۇ بولسا ئىنساننىڭ ھايات
ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما
ئىنساننىڭ يېڭىلىنىپ تۇرغۇچى خىلمۇ - خىل تەلەپلىرى
شۇ غەرىزە ۋە ئۆزۋى ھاجەتلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. شەرىئەت
بۇ يېڭىلىنىپ تۇرغۇچى ۋە خىلمۇ - خىل تەلەپلەرنىڭ شە-
كىللىرى قانچىلىك تۈرلۈك - تۈمەن ۋە ئۆزگىرىشچان بول-
مىسۇن ئۇلارنىڭ يېشىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ بولسا
فىقھىنىڭ ئۆسۈش سەۋەبلىرىدىن بىرى بولدى. لېكىن شە-
رىئەتتىكى بۇ كەڭ ئۆز ئىچىگە ئېلىش شەرىئەت ھەممە نەرسى-
گە گەرچە ئۇ نەرسە شەرىئەتكە زىت كەلسىمۇ، توغرا كېلىدۇ-
رىدىغان دەرىجىدە ماسلاشقۇچى، ھەمدە زامان بىلەن بىرگە
ئۆزگىرىدىغان دەرىجىدە راۋاجلانغۇچى، دېگەنلىك ئەمەس.
بەلكى نۇسۇسلەر بىرنەچچە ھۆكۈملەر ئىستىنباتىنى ئۆز ئى-
چىگە ئالغان ھەمدە ھۆكۈملەر كۆپ مەسىلىلەرگە توغرا كې-
لىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: الله
تەئالا مۇنداق دېدى:

(فان ارضعن لكم فئاتوهن اجورهن)

— «ئەگەر تالاق قىلغان ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن
بالا ئېمىتىسە (يەنى ئۆزلىرىنىڭ سىلەردىن بولغان باللىرىنى



www.uyghurkitap.com

ئىمىتىسە) . ئۇھالدا ئۇلارنىڭ ئىمىتىكەنلىكلىرى ئۇچۇن ھەق-
لىرىنى بېرىڭلار!» 6:65

بۇ ئايەتتىن تالاق قىلىنغان ئايال ئىمىتىش ھەققىنى
ئېلىشقا ھەقلىق، دېگەن شەرئىي ھۆكۈم ئىستىنبات قىلىنى-
دۇ. يەنى شۇ ئايەتتىن ياللانغۇچى (كېلىشىم ئاساسىدا ئىش-
لەيدىغان ئىشچى) كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز ئىشىنى
بېجىرسە، مەيلى «ئالاھىدە ياللانغۇچى» بولسۇن، مەيلى
«ئومۇمىي ياللانغۇچى» بولسۇن، ئىش ھەققىنى ئېلىشقا ھەق-
لىق، دېگەن شەرئىي ھۆكۈم ئىستىنبات قىلىنىدۇ. بۇ ھۆ-
كۈم بىرنەچچە مەسىلىلەرگە توغرا كېلىدۇ. جۈملىدىن،
ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى، زاۋۇت ئىشچىسى، دالىدىكى دېھ-
قان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندا
ئىش ھەققىنى ئېلىشقا ھەقلىق. چۈنكى ئۇ «ئالاھىدە ياللان-
غۇچى» دۇر. ئىشكاپ ياسايدىغان ياغاچچى، كىيىم تىكىدى-
غان تىككۈچى، ئاياغ تىكىدىغان مۇزدوز ۋە شۇنىڭغا ئوخ-
شاشلارمۇ ھەر بىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندا ئىش
ھەققىنى ئېلىشقا ھەقلىق. چۈنكى ئۇ «ئومۇمىي ياللانغۇچى»
دۇر. ياللاش ياللىغۇچى ياللانغۇچى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم
بولغىنى سەۋەبىدىن ھاكىم ياللاش ھۆكمىگە كىرمەيدۇ.
چۈنكى ئۇ ئۈممەتنىڭ ئالدىدا ياللانغۇچى ئەمەس، بەلكى ئۇ
شەرئىي ھۆكۈملەرنىڭ ئىجراچىسى، يەنى ئىسلامنى تەتبىق
قىلغۇچىدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن خەلىپە ئۆز ئىشىنى ئادا
قىلغىنى ئۈچۈن ھەق ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا شەرئىيەتنى
ئىجرا قىلىش ۋە ئىسلامىي دەۋەتنى يېيىش ئۈچۈن بەيئەت
قىلىنغان. دېمەك ئۇ ئۈممەت ئالدىدا ياللانغۇچى ئەمەس.
شۇنىڭدەك ئىجرائىي ھەيئەت ئەزالىرى بولغان خەلىپىنىڭ



مۇئاۋىنلىرى ۋە ۋالىيلىرىمۇ ئۆز ئىشلىرىنى ئادا قىلغانلىقى
ئۈچۈن ھەق ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ھۆكۈم
يۈرگۈزۈشتۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلار ياللانغۇچى بولمايدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەق ئالمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا شەخسىي
ئىشلىرىنى قىلالمايۋاتقانلىقلىرى ئۈچۈن ھاجەتلىرىدىن چە-
قىدىغان دەرىجىدە ھەق بېرىلىدۇ.

ئۇسۇسلارنىڭ بىرنەچچە ھۆكۈملەر ئىستىنبات قىلىش
ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان بۇنداق كەڭ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى
ھەمدە ھۆكۈملەرنىڭ كۆپ مەسىلىلەرگە توغرا كېلىدىغان
بۇنداق كەڭلىكى ئىسلامىي شەرىئەتنىڭ ھەر بىر زامان ۋە
ماكاندىكى بارچە ئۈممەت ۋە دۆلەتلەردە ئۇچرايدىغان ھاياتتى-
كى مۇئامىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق يېشىپ بېرىشنى كاپا-
لەتكە ئىگە قىلدى.

شەرئىي ھۆكۈمنىڭ دەلىلى بولغان ئۇسۇس مەيلى كى-
تاب، مەيلى سۈننەت بولسۇن بار بولغان مۇئەممانىڭ مۇئالە-
جىسى ئۈچۈندۇر. چۈنكى شارىئ ئۇسۇسلارنىڭ زاھىرىغا چەك-
لىنىشنى ئەمەس، مەنالارغا ئەگىشىشنى مەقسەت قىلغان.
شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈملەرنى ئىستىنبات قىلىشتا ھۆكۈمنىڭ
ئىللەت تەرىپىگە ئېتىبار بېرىلىدۇ، يەنى ئۇسۇستىن ھۆكۈم
ئىستىنبات قىلىنىۋاتقاندا ئۇسۇستىكى تەشرىئىي تەرەپى ئېتى-
بارغا ئېلىنىدۇ.

دەلىل يا ھۆكۈمنىڭ ئىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
بولىدۇ، ياكى ئىللەت باشقا بىر دەلىلدىن ياكى دەلىللەر
تۈپلىمىدىن ئېلىنىدۇ. ھۆكۈم، گەرچە ئۆز دەلىلدىن ئىس-
تىنبات قىلىنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىللەت تەرەپى ئېتىبار-
غا ئېلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۆز بەرگەن مۇئامىلى يېشىش

ئۈچۈن نۇسۇستا كەلگەن شەكىلگە رىئايە قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ مىسالى اللە تائالانىڭ مۇشۇ سۆزىدۇر:

(واعدوالهم مااستطعتم من قوة ومن رباط الخيل ترهبون به عدوالله وعدوكم)

— «ئۇلار ئۈچۈن ئىمكانىيىتىڭلارنىڭ بىرىچە كۈچ ۋە جابدۇپ قويۇلغان ئاتلارنى تەييارلاپ قويۇڭلار. بۇنىڭ بىلەن اللەنىڭ ۋە ئۆزەڭلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى قورقۇنچىگە سالىسىلەر» 8:60

بۇ ئايەتتىكى هۆكۈم كۈچ تەييارلاشتۇر. يۈز بەرگەن مۇئاممانى كۈچ، شۇ جۈملىدىن ئاتلارنى جىهادقا تەييارلاش بىلەن هەل قىلىنىدۇ. بۇ هۆكۈمدىكى ئىللەت تەرىپى دۈشمەننى قورقۇتۇشتۇر. بۈگۈنكى كۈندە بۇ دەلىلدىن كۈچ تەييارلاش هۆكمىنى ئىستىنبات قىلىۋاتقىنىمىزدا هۆكۈمدىكى ئىللەت تەرىپىنى ئېتىبارغا ئېلىپ دۈشمەننى ھەقىقەتەن قورقۇنچىغا سالىدىغان نەرسىلەرنى تەييارلايمىز. شۇ ۋاقىتتىكى مۇئەممانىڭ يېشىمى بولغان ۋە نۇسۇسدا كەلگەن «جىهادقا ئاتلارنى تەييارلاش» هۆكمىگە رىئايە قىلىنمىز.

هۆكۈم ئىستىنبات قىلىنىۋاتقان هەربىر دەلىلگە ئەينەن شۇنىڭدەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ. چۈنكى مەقسەت هۆكۈمنىڭ ئىللەت تەرىپىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن ئىسلامىي شەرىئەت ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان هۆكۈملەردە ئۆز ئىللەتلىرىگە ئاساسلىنىشنى ھەمدە هۆكۈملەر ئىستىنبات قىلىنىۋاتقاندا نۇسۇسدا كەلگەن شەكىل ئەمەس، بەلكى تەشرىئىي تەرىپى ئېتىبارغا ئېلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ مەتنىسى هۆكۈمگە شەرئىي دەلىل



بولغىنىدەك، ئىجما ۋە قىياسمۇ شەرئىي دەلىللەردىن هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن شەرئىي هۆكۈملەرنىڭ تەپسىلىي شەرئىي دەلىللىرى كىتاب، سۈننەت، ئىجما ۋە قىياستۇر. ئەمما ئىجتىهاد مەسىلىلەردىكى ساهابىنىڭ مەزھىبى شەرئىي دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى ساهابىمۇ ئىجتىهاد ئەھلىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن خاتالىق سادىر بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساهابىلار بىرنەچچە مەسىلىلەردە ئىختىلاپ قىلىپ، هەربىرى ئىجتىهاددا ئىككىنچىسىنىڭ مەزھىبىدىن باشقا يول تۇتقان. ئەگەر ساهابىنىڭ مەزھىبى هۆججەت قىلىنسا، اللەنىڭ هۆججەتلىرى خىلمۇ-خىل ۋە قارىمۇ-قارشى بولۇپ قالاتتى. شۇ سەۋەبتىن ساهابىنىڭ مەزھىبى شەرئىي دەلىلدەپ هېسابلانمايدۇ، بەلكى ئۇمۇ باشقا مۆتىۋەر مەزھەبلەرگە ئوخشاش ئەمەل قىلىشقا بولىدىغان مەزھەبدۇر. ئەمما ساهابىلار ئىتتىپاق قىلغان هۆكۈملەر ئۇلارنىڭ مەزھىبى ئەمەس، بەلكى ئىجمائىدۇر.

ئەمما بىزدىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ شەرىئىتى بولسا بىز ئۈچۈن شەرىئەت هېسابلانمايدۇ ۋە شەرئىي دەلىللەردىن دەپ ئېتىبار قىلىنمايدۇ. گەرچە ئىسلامىي ئەقىدە پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋە ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن كىتابقا ئىمان كەلتۈرۈشنى ۋاجىب قىلسىمۇ لېكىن ئۇلارغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەناسى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنى تەستىقلاشتۇر. ئۇلارغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەناسى ئۇلارغا ئەگىشىش دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن بارچە ئادەملەردىن ئۆز دىنلىرىنى تاشلاپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ

قىلىنغان. چۈنكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنىنىڭ ھېچقانداق
ئېتىبارى قالمىغان. الله تائالا دەيدۇ:
(ان الدين عندالله الاسلام)
— «اللەنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل دىن ئىسلامدۇر» 19:
3

يەنە الله تائالا دەيدۇ:
(ومن يبتغ غيرالاسلام دينا فلن يقبل منه)
— «كىمكى ئىسلامدىن ئۆزگە دىن ئىزدىسە، ئۇنىڭدىن
بۇ دىنىنى قوبۇل قىلىنمايدۇ». 3:85

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئوچۇق، روشەندۇر. ئۇلاردىن
«بىزدىن ئالدىنقى ئۈممەتلەرنىڭ شەرىئىتى بىز ئۈچۈن شە-
رىئەت ئەمەس»، قائىدىسى ئىستىنبات قىلىنغان. بۇنىڭ
دەلىلى، ساھابىلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى
ئۆتكەن بارچە شەرىئەتلەرنى بىكار قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە
ئىجما قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى الله تائالا دەيدۇ:
(وانزلنا اليك الكتاب بالحق مصدقا لما بين يديه من
الكتاب ومهيمنا عليه)
— «سىزگە ئۆزىدىن ئالدىنقى كىتابلارنى تەستىق قىل-
غۇچى ۋە ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولغان بۇ كىتابنى ھەق
بىلەن نازىل قىلدۇق» 5:48

ئۆتكەن كىتابلار ئۈستىدىن قۇرئاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئۆتكەن شەرىئەتلەرنى بىكار قىلىشىدۇر، يەنى ئۇلارنى تەس-
دىق قىلغۇچى ۋە ئۇلارنى بىكار قىلغۇچى قىلىپ نازىل
قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ:
«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبن خەتتاپ تەۋراتتىن بىر
پارچىغا قاراپ تۇرغاننى كۆرۈپ غەزەپلەندى ۋە «بۇنىڭ
ئورنىغا ئاپپاق، ساپ كىتابنى كەلتۈرمىدىممۇ؟! ئەگەر بۇ-



رادىرىم مۇسا ھايات بولسا پەقەت ماڭا ئەگەشكەن بولاتتى»
، - دېدى. بۇنىڭدىن باشقا كەئبىنى تاۋاپ قىلىش، ھەجە-
رۇل ئەسۋەدنى سىلاش ۋە سۆيۈش، ساپا ۋە مەرۋە ئارىلىقىدا-
كى سەئيى قىلىشقا ئوخشاش ھەج مۇراسىملىرىدىن كۆپى
جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ بولغان. بىز ئۇلارغا ئەمەل قىلىپ،
ئۇلار بويىچە ئىبادەت قىلىۋاتقىنىمىزدا ئۇلارنى ئالدىنقى شە-
رىئەتنىڭ مۇراسىملىرى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىسلامىي
شەرىئەت سۈپىتىدە بېجىرىمىز. چۈنكى ئىسلام بۇ مۇراسىم-
لارنى، بۇرۇنقى شەرىئەتلەرنى تەن ئېلىپ ئەمەس، بەلكى
يېڭى شەرئى ھۆكۈملەر سۈپىتىدە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدەك
بۇرۇنقى ھەممە دىنلاردا كەلگەن بارچە ھۆكۈملەرنى پۈتۈنلەي
تاشلاپ، پەقەت ئىسلام شەرىئىتى ئېلىپ كەلگەن ھۆكۈملەر-
نى بېجىرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن نەسرانى ۋە يەھۇدىلار ئىسلام
شەرىئىتىگە چاقىرىلىپ ئۆز شەرىئەتلىرىنى تەرك قىلىشقا
بۇيرۇلغان. چۈنكى ئىسلام ئۇلارنىڭ شەرىئىتىنى بىكار قىل-
غان. ئىسلام شەرىئىتىگە ئەگىشىش ۋە ئۆز دىنىنى تەرك
قىلىش يەھۇدى شەرىئىتىگە ئەگەشكەن يەھۇدى ۋە نەسرانىي-
لەرگە ۋاجىپ ئىكەن، قانداق قىلىپ مۇسۇلمانلاردىن بۇرۇنقى-
لارنىڭ شەرىئىتىنى ئۆزىگە شەرىئەت قىلىۋېلىشنى تەلەپ
قىلىنىدۇ؟ ئەمما الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە كەلسەك:
(انا اوحينا اليك كما اوحينا الى نوح)
— «بىز نۇھقا ۋەھى ئەۋەتكىنىمىزگە ئوخشاش سىزگە-
مۇ ۋەھى ئەۋەتتۇق» 4:163

بۇ ئايەت الله تائالا باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى ئەۋەتكەن-
گە ئوخشاش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ۋەھى ئەۋەتكەنلى-
كىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا دەيدۇ:

(شرع لكم من الدين ماوصى به نوحا)

— «الله نۇھقا بۇيرۇغان دىننى سىزلەر ئۈچۈن شەرىئەت (قانۇن) قىلدى» 42:13.

بۇنىڭ مەناسى، الله ئەسلى تەۋھىدنى، يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا بۇيرىغان نەرسىنى سىزلەرگە تۈزۈپ بەردى. الله تەئالا دەيدۇ:

(ثم اوحينا اليك ان اتبع ملة ابراهيم حنيفا)

— «ئاندىن كېيىن بىز سىزگە ئىبراھىمنىڭ مىللىتىگە ئەگىشىڭ دەپ ۋەھيى ئەۋەتتۇق» 6:123.

بۇنىڭ مەنىسى ئەسلى «تەۋھىدقا ئەگىشىڭ» مەناسىدادۇر. چۈنكى مىللەت سۆزىنىڭ مەنىسى ئەسلى تەۋھىدتۇر. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق ئايەتلەردىن مەقسەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىگىسى (بىرىنچىسى) ئەمەس، بەلكى ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى ۋە ئەسلى تەۋھىد ھەممە پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر ئورتاق بولغان دىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر. ئەمما تەۋھىددىن باشقىسىدا ھەربىر پەيغەمبەر ئالاھىدە شەرىئەت بىلەن ئەۋەتىلگەن. الله تەئالا دەيدۇ:

(لكل جعلنا منكم شرعة ومنهاجا)

— «سىزلەردىن ھەربىر ئۈممەت ئۈچۈن ئالاھىدە شەرىئەت ۋە يول قىلىپ قويدۇق» 5:48.

دېمەك، بىزدىن ئالدىنقىلارنىڭ شەرىئىتى بىز ئۈچۈن شەرىئەت ئەمەس ۋە ھۆكۈملەر ئىستىنبات قىلىنىدىغان شەرئى دەلىللەردىن دەپ ئېتىبارمۇ قىلىنمايدۇ.

ئەسلىدە شەرئى ھۆكۈملەرنى ئىستىنبات قىلىش مۇجتەھىدلارغا خاس ئىشتۇر. چۈنكى مۇئەييەن مەسىلىدىكى اللەنىڭ ھۆكمىنى بىلىش پەقەت ئىجتىھاد بىلەن بولىدۇ.



شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىھاد زۆرۈردۇر. ئۇسۇل ئالىملىرى ئىجتىھاد مۇسۇلمانلارغا پەرز كىپايەدۇر، دەپ بايان قىلغان. بىرەر ئەسىر مۇجتەھىدتىن خالى بولۇشقا بو[illegible] ئەگەر ھەممە مۇسۇلمانلار ئىجتىھادنى تاشلاشقا ئىتتىپاق قىلىشسا گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى شەرئى ھۆكۈملەرنى بىلىش يولى پەقەت ئىجتىھاددۇر. ئەگەر بىرەر ئەسىر ھۆكۈملەرنى بىلىشتە تايىنىش مۇمكىن بولىدىغان مۇجتەھىدتىن خالى بولسا، شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ توختاپ قېلىشىغا ۋە ھۆكۈملەرنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ بولسا مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئىجتىھادنىڭ بىرنەچچە شەرتلىرى بولۇپ، ئۇلارنى ئۇسۇل ئالىملىرى تەپسىلى بايان قىلغان. ئىجتىھاد كەڭ بىلىم، نۇسۇسلەرنى توغرا چۈشۈنۈش، ئەرەپ تىلىنى تولۇق بىلىش ھەمدە شەرئى مەسىلىلەرنى بىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دەلىللىرىدىن خەۋەردار بولۇشقا موھتاج بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئويلىماستىن، دىققەت بىلەن كۆرۈپ چىقماستىن ھۆكۈمنى ئېلىش ئىستىنبات دېيىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك بىرەر «ھۆكۈم»دە مەنپەئەت كۆرۈنۈپ قېلىپ، كېيىن شۇ ھۆكۈمنى ئىستىنبات قىلىش، ئۈچۈن نۇسۇسلەرغا نىسبەتەن ھىيلە ئىشلىتىش ۋە ئۇلاردىن كۆزلەنمىگەن نەرسىلەرنى ئۇلارغا ئارتىش ئىجتىھاد دېيىلمەيدۇ. بەلكى بۇ نەرسە اللەنىڭ دىنىغا قارشى جۈرئەت قىلىش بولۇپ، بۇنىڭغا قەدەم قويغان ئادەم اللەنىڭ ئازابىغا گىرىپتار بولىدۇ.

توغرا، ئىجتىھاد ئىشىكى ئوچۇق، لېكىن نادانلار ئۈچۈن ئەمەس، ئالىملار ئۈچۈن ئوچۇقتۇر. مۇجتەھىدلار ئۈچ خىل بولىدۇ: مۇجتەھىدى مۇتلەق، مۇجتەھىدى مەزھەب؛ بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە خاس شەرتلىرى بار. ئۈچۈنچىسى

بولسا بىرتال مەسىلە مۇجتەھىدى بولۇپ، ئۇ نۇسۇسنى چۈشۈنۈشكە، بىر تال مەسىلىنىڭ ئۆزىنى، ئۇنىڭ دەلىلىنى، ئۇ ھەققىدىكى مۇجتەھىدلارنىڭ دەلىللىرىنى تەكشۈرۈشكە قادىر بولغان شەخسدۇر. بۇ بولسا ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىشنى كۆزلىگەن ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن لازىمدۇر. چۈنكى ئەسلىدە شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە، مۇسۇلمان شەرئى ھۆكۈمنى دەلىلدىن بىۋاستە ئۆزى ئېلىشى، يەنى ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان مەسىلىلەردە مۇجتەھىد بولۇشى لازىم.

لېكىن مۇجتەھىدلارنىڭ مەزھەبلىرى يېزىلىپ، كىتاپ قىلىنغاندىن ۋە قائىدە ۋە ھۆكۈملەر توپلانغاندىن كېيىن دىللاردا ئىجتىھاد چۈشەنچىسى زەئىپلىشىپ، مۇجتەھىدلار ئازىيىپ كەتتى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلاردا تەقلىد كۆچەيدى ۋە ئىجتىھاد بولسا نادىر نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا تەقلىد چۈشەنچىسى كۈچىيىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى «ئىجتىھاد ئىشىكى يېپىلدى ۋە تەقلىد قىلىش ۋاجىپ» دەيدىغان كىشىلەر پەيدا بولدى. شۇ سەۋەبدىن ھەممىسى بولمىسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپى مۇقەللىدلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

مۇقەللىد ئىككى خىل بولىدۇ: مۇتتەبىئ ۋە ئامى. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، مۇتتەبىئ مۇجتەھىدلاردىن بىرى ئىستىنبات قىلغان ھۆكۈمنى بۇ مۇجتەھىد ئاساسلانغان دەلىلگە قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئالىدۇ. دەلىلنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ. ئامى بولسا دەلىلنى سۈرۈشتۈرمەستىن شەرئى ھۆكۈمدە مۇجتەھىدقا تەقلىد قىلىدۇ. مۇتتەبىئ ئامىغا قارىغاندا ياخشىراقدۇر. ئاۋۋالقىلارنىڭ كۆپى دەلىللەرگە ئەھمىيەت بەرگىنى ئۈچۈن مۇتتەبىئ



بولغان. قالاقلىق دەۋرى كېلىپ ئادەملەرنىڭ مۇتتەبىئ بولۇشى قىيىن بولغاچقا، ئىمام ۋە مۇجتەھىدلارغا ھۆكۈملەردە دەلىلىنى سۈرۈشتۈرمەستىن تەقلىد قىلىشقا باشلىدى. ئالىملارنىڭ بۇ نەرسىلەرگە سۈكۈت قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، تەقلىد قىلىش، مۇقەللىد مەيلى مۇتتەبىئ مەيلى ئامى بولسۇن - توغرا ئىشدۇر. بىراق ئەسلىدە مۇسۇلمان ھۆكۈمنى دەلىلدىن ئۆزى ئېلىشى كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ تەقلىد قىلىشى توغرا. مۇتتەبىئ بولۇشىمۇ توغرا، يەنى ھۆكۈمنى ۋە ئۇنىڭ دەلىلىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا قانائەت ھاسىل قىلىشى توغرا. بۇ ھال مۇسۇلماننى بىر مەسىلىدە بولسىمۇ ئىجتىھاد قىلىشقا لاياقەتلىك قىلىدۇ. ھازىرقى كۈندە بىزگە زۆرۈر بولغان نەرسە شۇدۇر. پەتىۋالار بىر مەسىلىدىكى ئىجتىھاد بابىدىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئىجتىھاد بابىغا كىرمەيدۇ، بەلكى ئۇلار فىقھى ساھەسىدە كىتاپ يېزىشنىڭ ئەڭ ئاددى ئۇسلۇبىدۇر. بۇنىڭ ئىزاھى شۇكى: مۇجتەھىدلار ئەسىرىدىن كېيىن شاگىرتلارنىڭ ۋە شاگىرتلار شاگىرتلىرىنىڭ ئەسىرى كەلدى. ئۇلار مەزھەپ رەئىيلىرىنى شەرھىلەش، ئۇنىڭ قائىدىلىرىنى بايان قىلىش ۋە رەئىيلىرىنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ئەسىر فىقھىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان ئەسىرى ھېساپلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا فىقھىنىڭ تۈرلۈك مەزھەبلەردىكى مۆتىۋەر فىقھى كىتاپلار يېزىلغان. بۇ كىتاپلار فىقھى مەسىلىلەردە مۇراجىئەت قىلىنىدىغان ئاساسى مەنبە ھېساپلىنىدۇ. بۇ ھالەت ھىجرىيەنىڭ يەتتىنچى ئەسىرگىچە داۋام قىلدى. كېيىن فىقھى قالاقلىق ئەسىرى كەلدى. بۇ ئەسىر شەرھىلەر ۋە ھاشىيەلەر يېزىش ئەسىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپى يېڭىلىق كىرگۈزۈش، ئىستىنبات

ۋە ھەتتا بىر مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلىشتىنمۇ خالىدۇر. بۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا قالاقراق ئەسىر كەلدى. بۇ دەۋرىدە ئالىملار مەسىلە ۋە ھۆكۈملەرنى ۋۇجۇھ ۋە پۇرۇئلىرىنى كەلتۈرمەسدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كەلتۈرۈش يولىدا ماڭدى. بۇ مەسىلىلەر پەتىۋالار دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پەتىۋالارنى شەرئى ھۆكۈملەر ئۈچۈن مەنبە قىلىپ ئېلىش توغرا بولمىغىنىدەك، ئۇلارنى قانۇنلار ئۈچۈنمۇ مەنبە قىلىپ ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ھۆكۈملەرنى ئىستىنبات قىلىشتىكى ئىجتىھاد تەرىقىتىدىن يىراقتۇر.

شۇنىڭدەك تەقنىين (شەرئى ھۆكۈملەرنى غەرب قانۇنلىرى شەكلىدە يەتكۈزۈش) ئۇسۇلىدا يازغان مەنبەلەرنى شەرئى ھۆكۈملەر ئۈچۈن مەنبە ۋە ئاساس قىلىۋېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ غەرب قانۇنلىرىغا تەقلىد قىلىشنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر. بۇ تەقنىين فىقھىنى قىسقا شەكلىدە كەلتۈرۇدۇ. ئۇنىڭدا دەلىلسىز ياكى دەلىلى زەئىپ فىقھى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈش كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلاردا زامانغا ماسلىشىش ھەمدە مۇئامىلىلارنى ھەل قىلىشتا غەرب نۇقتىنەزىرىگە مۇۋاپىق كېلىشى ئۈچۈن تەئۋىل قىلىش روھى ئۇستۇندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا تەشرىئى جەھەت ۋە ئىجتىھادمۇ يوق. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلار تەتبىق قىلىش ئۈچۈن يارامسىز بولغىنىدەك مەنبە بولۇشقىمۇ يارامسىزدۇر. ئۇلارنىڭ بارلىغى فىقھى ۋە تەشرىئغا بالا بولدى. چۈنكى ئۇلار تەقلىدى ئۇرۇنۇشلار بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئىسلامى فىقھىگە ئائىت بىلىملىرىنى زەئىپلەشتۈردى. ھالبۇكى ئىسلامى فىقھىدىكى بايلىق ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇ بارلىق خەلقلەردىكى فىقھى بايلىقلاردىن كۆپدۇر. بۇ فىقھى



بايلىق قازى ۋە ھاكىملار ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈردۇر. لېكىن بۇ بايلىقنى قانۇن كۆرۈنۈشىدە تەقلىدى شەكىللەردە تۈزۈش ئۇنى قىسقارتىپ ئۇچۇرۇپ تاشلىدى ۋە قازىلارنى قانۇنلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشكە چەكلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن فىقھىدىن [illegible]سىز قىلىپ قويدى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ قانۇنلاردا [illegible] شەكىل يوق. چۈنكى ئۇلار بەزى فىقھىلەرنىڭ فىقھى خۇلاسىلىرى توپلىمى بولۇپ، ئارقا-ئارقىدىن رەقەملەر ئاستىدا كەلتۈرۈلگەن. ئۇلاردا مەسىلىلەر بويسۇنىدىغان ۋەماددىلارنىڭ مەۋزۇئى بولىدىغان ئومۇمى قائىدىلەرنى ئىجاد قىلىشقا ھەرىكەت قىلىنمىغان، بەلكى مەسىلىلەرنىڭ ئۆزى ماددا قىلىپ قويۇلغان. بۇ بولسا قانۇن تۈزۈش ئۇسۇلىغا زىتتۇر، ھەتتا قائىدىلەر ھەققىدىكى كەلگەن بەزى ماددىلار ئومۇمى بولمىغان قائىدىلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلار فىقھى كىتابلاردىن كۆچۈرۈلگەن تەئرىپلەر خالاس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك شۇ ئۇسۇلدا بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قانۇنلارنى ئېلىش ۋە مەنبە قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبى يارامسىز، مەلۇماتلىرى ئاددى ۋە تەپسىلى دەلىللەرگە تايانغان ئەتىۋارلىق شەرئى ھۆكۈملەردىن يىراقتۇر.

قازى ۋە ھاكىملار دەستۇر ۋە قانۇنلارنى چۈشۈنۈشلىرىنى تەسىلەش ۋە قانۇنلارنى تۈزۈش ئۈچۈن قانۇنچىلىقتا تۆۋەندىكىچە يول تۇتۇلىدۇ:

1. ئىنسانى مۇئامىلار ئۆگىنىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئومۇمى كۆللى قائىدىلەر شەكلىدە ياكى كۆللى شەرئى ھۆكۈملەر شەكلىدە بولىدىغان ئومۇمى دەستۇر تۈزۈلىدۇ. بۇ قائىدە ۋە ھۆكۈملەر ئىسلامى فىقھىدىن ئېلىنغان بولىشى

شەرت. يەنى، ئۇلار دەلىللىرىنى بىلىپ بۇ دەلىللەرگە قانا-
ئەت ھاسىل قىلىش بىلەن مۇجتەھىدلاردىن بىرىنىڭ رەئىيە-
دىن ئۆگىنىش ياكى كىتاپ ۋە سۈننەتتىن ياكى ئىجمادىن
ۋە ياكى قىياس يولى بىلەن ئۆگىنىش شەرت. لېكىن جوزئى
ئىجتىھاد، يەنى بىر مەسىلىدىكى ئىجتىھاد بولسىمۇ شەرئى
ئىجتىھاد بىلەن بولسۇن. ھەر بىر ماددىدىكى زۆرۈر سەۋەبلەر
ھەققىدە شۇ ماددا تايانغان مەزھەپ ۋە ئۇنىڭ دەلىلىغا ياكى
ماددا ئىستىنبات قىلىنغان دەلىلغا ئىشارەت قىلىنىدۇ. مۇ-
سۇلمانلاردىكى يامان ۋاقىئىلىككىمۇ، باشقا ئۇممەتلەرنىڭ
ۋاقىئىلىككىمۇ، غەيرى ئىسلامىي نىزاملارغىمۇ مۇتلەق قا-
رالمايدۇ.

2. شەرئى ھۆكۈملەر مەزھەپ ۋە دەلىللەرگە ئىشارەت
قىلىش بىلەن يۇقىرىدىكى ئاساسقا ئاساسەن دەستۇرغا مۇۋا-
پىق قىلىپ ئۇقۇبەت، ھوقۇق، بەيىنات ۋە باشقىلارغا ئائىت
قانۇنلار ئۈچۈن لايىھە سۈپىتىدە ئىشلەپ چىقىلىدۇ. شۇ
شەرت بىلەنكى، قازى ۋە ھاكىملارغا فىقھى مەنبە بولۇشى
ئۈچۈن ئىپادە ئومۇمى قائىدىلەر كۆرۈنۈشىدىكى قانۇن شەك-
لىدە بولۇشى كېرەك.

3. شەرئى ئۇسۇللار، ئىسلامىي فىقھى ۋە ئۇسۇلى
فىقھى ئىلمى قازى ۋە ھاكىملارغا دەستۇر ۋە قانۇننى شەرھە-
لەش ئۈچۈن مەنبە قىلىنىدۇ، شۇندىلا ئۇلار ئۈچۈن چوڭقۇر
چۈشىنىش ۋاسىتىلىرى مەيدانغا كېلىدۇ.

قازى دۆلەت تەبەننى قىلغان شەرئى ھۆكۈملەرگە خىلاپ
ھۆكۈم يۈرگۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىمامنىڭ بۇي-
رۇقى ئاشكارا ھالدىمۇ، يوشۇرۇن ھالدىمۇ ئىجرا قىلىنى-
دۇ. ئەمما دۆلەت ھۆكمىنى تەبەننى قىلمىغان مەسىلىلەردە



بولسا، قازى مەيلى بىرەر مۇجتەھىدنىڭ رەئيى بولسۇن
مەيلى ئۆز ئىجتىھادى بىلەن ئىستىنبات قىلغان رەئيى بول-
سۇن مەسىلىلەرگە مۇۋاپىق دەپ قارىغان شەرئى ھۆكۈم
بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

4. ھۆكۈملەرنى ئىستىنبات قىلىش تەبەننى قىلغان
ۋاقىتتا ۋاقىئەنى چۈشىنىش، ئۇنى چوڭقۇر بىلىش ۋە ۋاقىئە-
نى مۇئالىجە قىلىشتا زۆرۈر بولغان ۋەرىپىنى شەرئى دەلىل-
گە ئاساسلانغان ھالدا چۈشىنىش، يەنى شۇ ۋاقىئەدا ئىجرا
قىلىنىدىغان اللەنىڭ ھۆكمىنى چۈشىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
كېيىن ھۆكۈمنى بۇ ۋاقىئەگە تەتبىق قىلىنىدۇ. باشقىچە
قىلىپ ئېيتقاندا، ۋاقىئەنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى چوڭقۇر تەپەك-
كۇر قىلىش ئارقىلىق اللەنىڭ ھۆكمىنى ئۆگىنىشكە ئېرى-
شىلىدۇ.

دۆلەت مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمانلىقىدىن قەتئى-
نەزەر ئۆزىنىڭ بارلىق پۇقرالىرىغا ئىسلامىي شەرىئەتنى
ئىجرا قىلىدۇ. ئەمما غەيرى مۇسۇلمانلار ئېتىقاد ۋە ئىبادەت-
لىرىدە ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇلىدۇ. يېمەك - ئىچمەك ۋە
كىيىنىش ئىشلىرىدا ئومۇمى نىزام دائىرىسىدە ئۆز دىنلىرىغا
مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۆيلىنىش ۋە ئاجرىشىشقا
ئوخشاش شەخسى ھالەت ئىشلىرى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز
دىنلىرىغا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەمما ئىسلامىي
شەرىئەتتىكى قالغان ئىشلار، يەنى مۇئامىلە ۋە ئۇقۇبەت
ھۆكۈملىرى، ھاكىمىيەت ۋە ئىقتىساد نىزامى ۋە باشقىلار
ھەممىسىگە باراۋەر ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلارغا نىس-
بەتەن دۆلەت ئىسلامىي شەرىئەتنىڭ ھەممىسىنى: ئىبادەت،
ئەخلاق، مۇئامىلە، ئۇقۇبەت ۋە باشقىلارنى ئىجرا قىلىدۇ.

دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى ئىسلامنى پۈتۈنلەي تەتبىق قىلىش ۋە غەيرى مۇسۇلمانلارغا تەتبىق قىلىشنى بولسا ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش دەپ ئېتىبار قىلىشتۇر. چۈنكى شەرىئەت پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئومۇمىي بولۇپ، دۆلەت ئۇنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ھەر بىر يۇرتتا دەۋەتنى يېيىش ئۈچۈن تەتبىق قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلامىي پەتھىلەرنىڭ سىرى پەقەت ئىسلامىي دەۋەتنى يېيىشتا بولغان.

ئىسلام - ئۆزىدىن نىزام كېلىپ چىقىدىغان ئەقىدەدۇر. بۇ نىزام ئەسلى دەلىللەردىن ئىستىنبات قىلىنغان شەرئى ھۆكۈملەردىن ئىبارەت. ئىسلام بۇ نىزامدا ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدىغان كەيپىيەتنى شەرئى ھۆكۈملەر بىلەن بايان قىلغان؟ ئىجرا قىلىش كەيپىيىتىنى بايان قىلىدىغان بۇ شەرئى ھۆكۈملەر تەرىقەت، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى بولسا پىكرەتتۇر. دېمەك، ئىسلام پىكرەت ۋە تەرىقەتتىن ئىبارەتتۇر. ئەقىدە ۋە ئىنسان مۇئامىلىرىنى مۇئالىجە قىلىدىغان شەرئى ھۆكۈملەر پىكرەت، بۇ پىشىملەرنى ئىجرا قىلىش، ئەقىدىنى قوغداش ۋە دەۋەتنى يېيىش كەيپىيىتىنى بايان قىلىدىغان شەرئى ھۆكۈملەر بولسا تەرىقەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام تەرىقىتى ئىسلام پىكرىتى بىلەن بىردەك ۋە ئىسلامنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا ئۇنىڭ پىكرىتىنى بايان قىلىشنىڭ ئۆزىگە چەكلىنىش توغرا ئەمەس، بەلكى دەۋەت تەرىقىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەبدەئ پىكرەت ۋە تەرىقەتنىڭ مەجمۇئەسىدىن ئىبارەتتۇر. پىكرەتكە ئىمان كەلتۈرگەنگە ئوخشاش تەرىقەتكىمۇ ئىمان كەلتۈرۈش لازىمدۇر. دېمەك، تەرىقەت بىلەن پىكرەت ئايرىلماس بىر پۈتۈن بولىشى ۋە بىر - بىرىگە چەمبەر چاس باغلىنىشى لازىم. ئۇ چاغدا ئىسلامىي پىكرەتنى ئىجرا قىلىشتا پەقەت ئىسلامىي تەرىقەت قوللىنىلىدۇ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ توپلىمى ئىسلام بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن باشقۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىنىدۇ. تەرىقەت شەرىئەت مەۋجۇت ئىكەن، تەرىقەت توغرىسىدا پەقەت شەرىئەت ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ نۇسۇسلىرىدىن ئىستىنبات قىلىنىدىغان ھۆكۈملەرگە چەكلىنىشى لازىمدۇر. كىتاپ ۋە سۈننەتتە پىكرەت ھۆكۈملىرى كەلگىنىدەك، ئۇلاردا تەرىقەت ھۆكۈملىرىمۇ كەلگەن. ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى تەرىقەت ھۆكۈملىرىدىندۇر.

(واما تخافن من قوم خيانة فانبذ اليهم على سواء)

— «ئەگەر بىر قەۋمنىڭ ئەھدىگە خىيانەت قىلىشىدىن قورقسىڭىز، سىزمۇ ئەھدىنى بۇزۇڭ» 8:58

شۇنىڭدەك مۇھەممەد (س ئە ۋ) نىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىمۇ تەرىقەت ھۆكۈملىرىدىندۇر: - «دۈشمەنگە يولۇقۇشنى ئارزۇ قىلماڭلار، يولۇققاندا بولسا چىداملىق قەيسەر بولۇڭلار». شۇنداق قىلىپ تەرىقەتنىڭ بارچە ھۆكۈملىرىمۇ باشقا ھۆكۈملەرگە ئوخشاش كىتاپ، سۈننەت، ئىجما ۋە قىياستىن ئىجتىهاد يولى بىلەن ئىستىنبات قىلىنىدۇ. سۈننەت كىتاپنى بايان قىلغۇچى بولغىنى ئۈچۈن پىكرەت قۇرئاندا مۇجمەل، سۈننەتتە مۇفەسسەل كەلگەن. تەرىقەتمۇ قۇرئاندا مۇجمەل، سۈننەتتە مۇفەسسەل كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سەيىدىمىز مۇھەممەد (س ئە ۋ) نى ئۆزىمىز ئۈچۈن ھىدايەت مەشئىلى قىلىپ، تەرىقەت ھۆكۈملىرىنى قۇرئاندىن ئالغىنىمىزغا ئوخشاش بۇ ھۆكۈملەرنى ئۇ زاتنىڭ سىيرىتىدىكى مەۋجۇت ئەمەللىرى، سۆزلىرى ۋە سۈكۈتلىرىدىنمۇ

بىلىشىمىز لازىمدۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ بارچىسى شەرىئەت-
تۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىيرەتنى چۈشۈنۈشتە خۇلەفا-
ئىراشىدىن ۋە بارلىق ساھابىلارنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئۈرنەك
قىلىۋېلىشىمىز ھەمدە شەرىئەت كۆرسەتمىلىرى دائىرىسىدە
ئەقلىمىزنى چۈشۈنۈش ۋە ئىستىنبات قىلىش ئۈچۈن كۈچ-
لۈك قورال قىلىۋېلىشىمىز لازىمدۇر.

ئىجرا قىلىش كەيپىيىتىنى بايان قىلىدىغان شەرئى ھۆ-
كۈملەر ئەمەللەرگە دالالەت قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ
ئەمەللەرنى تەتبىق قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنىمۇ، دەۋەتنى يې-
يىشقا مۇناسىۋەتلىكلىرىنىمۇ بىجىرىش زۆرۈردۇر. بۇ ئە-
مەللەر ۋاسىتىلەر ئەمەس، چۈنكى ۋاستە ئەمەلنى بىجىرىش
جەريانىدا قوللىنىدىغان قورال بولۇپ، ئەمەللەرنىڭ تۈرىگە
قاراپ بىرنەچچە بولىدۇ، شارائىتلارغا مۇۋاپىق ئۆزگىرىدۇ
ۋە ئۇنى ئەمەللەرنىڭ تۈرى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋا-
ستىدە مۇئەييەن ھالەتكە چەكلىنىلمەيدۇ. ئەمما تەرىقەت
دالالەت قىلىۋاتقان ئەمەللەر ئۆزگەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنى
نۇسۇسنىڭ دالالىتىگە قاراپ بىجىرىلىدۇ ۋە شەرىئەت بايان
قىلغان ئەمەلدىن باشقا ئەمەلنى بىجىرىش توغرا ئەمەس.
شۇنىڭدەك، ئەمەلنى شەرئى ھۆكۈم بايان قىلغان ئورۇندىن
باشقا ئورۇندا بىجىرىلمەيدۇ.

تەرىقەتكە مۇناسىۋەتلىك شەرئى ھۆكۈملەر دالالەت قىل-
غان بۇ ئەمەللەرگە دىققەت بىلەن قارىغان ئادەم ئۇلار ھىس
قىلىنمايدىغان نەتىجىنى مەيدانغا چىقىرىدىغان ئەمەللەر ئە-
مەس، بەلكى ھىس قىلىنىدىغان نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈ-
رىدىغان ماددى ئەمەللەر ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. گەرچە ئە-
مەللەرنىڭ بۇ ئىككى تۈرى بىر خىل قىممەتنى مەيدانغا



كەلتۈرسىمۇ، مەسىلەن: دۇئا روھى قىممەتنى مەيدانغا چە-
قىرىدىغان ئەمەلدۇر، جىهادمۇ روھى قىممەتنى ئەمەلگە ئا-
شۇرىدىغان ماددى ئەمەلدۇر. لېكىن دۇئا ماددى ئەمەل بول-
مىسىمۇ ھىس قىلىنمايدىغان نەتىجە، يەنى ساۋابنى مەيدانغا
چىقىرىدۇ. گەرچە دۇئا قىلغۇچىنىڭ مەقسىدى روھى قىم-
مەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولسىمۇ، جىهاد بۇنىڭدىن ئۆزگە-
چىدۇر. چۈنكى ئۇ دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇش بولۇپ، بۇ
ھىس قىلىنىدىغان نەتىجە، يەنى قەلئە ياكى شەھەرنى فەتھى
قىلىش ياكى دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
نەرسىلەرنى مەيدانغا چىقىرىدىغان ماددى ئەمەلدۇر. گەرچە
مۇجاھىدنىڭ مەقسىدى روھى قىممەتنى مەيدانغا چىقىرىش
بولسىمۇ. دېمەك، تەرىقەت ئەمەللىرى ماددى ئەمەللەر بو-
لۇپ، ھىس قىلىنىدىغان نەتىجىلەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ ۋە
باشقا ئەمەللەردىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇجاھىد
اللەغا دۇئا قىلسىمۇ، دۇئانىڭ ئۆزىنى جىهاد ئۈچۈن تەرىقەت
قىلىپ ئېلىنمايدۇ ھەمدە ئوغرىغا ۋەئىز - نەسىھەت قىلىنسى-
مۇ، ۋەئىزنىڭ ئۆزىنى ئوغرىنى توسۇش ئۈچۈن تەرىقەت
قىلىپ ئېلىنمايدۇ.

الله تەئالا ئېيتىدۇ:

(وقاتلوهم حتى لاتكون فتنة ويكون الدين كله لله)

— «بىرەر پىتنە (شېرىك، دىندىن يۇراش) قالمىغى،
بۇتۇن دىن الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن جەڭ
قىلىڭلار» 8 : 39

الله تەئالا دەيدۇ:

(والسارق والسارقة فاقطعوا ايديهما)

— «ئوغرى ئەركەكنىڭمۇ ئوغرى ئاياللىڭمۇ قوللىرىنى

كېسەللەر» 5:38

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام پىكرەتنى ئىجرا قىلىش كۆزلە-
نىدىغان بارچە ئەمەللەر ھېس قىلىنمايدىغان نەتىجىنى مەي-
دانغا چىقىرىدىغان ئەمەللەردىن ئىبارەت بولۇشى پۈتۈنلەي
ئىنكار قىلىنىدۇ ۋە ئۇنى ئىسلام تەرىقەتىگە زىت دەپ ھېساپ-
لىنىدۇ. بۇ ئورۇندا مۇئامىلارنى ھەل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك
ھۆكۈملەرنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەمەللەر
بىلەن ئىسلامىي دەۋەتنى يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئە-
مەللەر ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. مەسىلەن، ناماز پىكرەتنى
ھېساپلىنىدۇ ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش تەرىقىتى دۆلەتتۇر.
شۇنىڭغا ئاساسەن، دۆلەت ئادەملەر نامازنى ئادا قىلىشلىرى
ئۈچۈن تەرىقەت سۈپىتىدە پەقەت تەلىم ۋە تەربىيەنى قوللىنى-
شى توغرا ئەمەس. بەلكى دۆلەت تەلىم ۋە يولىيورۇقنى
ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، نامازنى تەرك قىلغۇچىنى قا-
مىشقا ئوخشاش ماددى جازا بىلەن جازالاشى لازىمدۇر. ئىسلا-
مىي دەۋەتنى يېيىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇمۇ پىك-
رەت بولۇپ، ئۇنى دۆلەت تەرىپىدىن ئىجرا قىلىش تەرىقىتى
جىھاد، يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشتۇر. شۇنىڭغا
ئاساسەن دۆلەت دەۋەت ئالدىدىكى ماددى توساقلارنى ئېلىپ
تاشلاشتا «سەھى بۇخارى»نى ئوقۇشنى قوللىنىشى توغرا ئە-
مەس، بەلكى جىھادنى، يەنى دۈشمەنلەر بىلەن ماددى شەكىل-
دە جەڭ قىلىشنى قوللىنىشى زۆرۈر. بارچە ئەمەللەرگە
شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولىنىدۇ.

بىراق شۇ نەرسە مەلۇم بولۇشى لازىمكى، گەرچە تەرە-
قىنكە دالالەت قىلغان ئەمەل ھېس قىلىنىدىغان نەتىجىگە ئىگە
بولغان ماددى ئەمەل بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەمەل ئاللەنىڭ



ئەمرى نەھىيلىرى ئاساسىدا يۈرگۈزۈلۈشى ۋە ئۇنى ئاللەنىڭ
ئەمرى نەھىيلىرى ئاساسىدا يۈرگۈزۈشتىن ئاللەنىڭ رازىلىقى
كۆزلىنىشى لازىمدۇر. شۇنىڭدەك، مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىن
اللە تەئالاغا ئالاقىدارلىقىنى ئىدراك قىلىشى ھۆكۈمران بو-
لۇشى زۆرۈر. شۇچاغدا ئۇ ئاللەغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىش،
ناماز، دۇئا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەللەر بىلەن يېقىن
بولىدۇ. مۇسۇلمان غەلىبە اللە تەرىپىدىن كېلىدۇ دەپ ئېتىـ-
قاد قىلىشى لازىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قەلبلەردە ئاللەنىڭ
ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئورناشقان
تەقۋا بولۇشى زۆرۈردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۇئاقىلىش،
ئاللەنى زىكرى قىلىش زۆرۈر ۋە بارچە ئەمەللەرنى بېجىرگەن
ۋاقىتتا ئاللەبىلەن دائىم ھالدا باغلىنىشمۇ زۆرۈر.

بۇ پىكىرلەر تەرىقەت ھەققىدە ۋە تەرىقەت سۆزسىز رىئا-
يە قىلىشىمىز ۋە قارشى چىقماسلىقىمىز لازىم بولغان شەرئى
ھۆكۈملەر ئىكەنلىكى ھەققىدەدۇر. شۇنىڭدەك بۇ پىكرلەر
ئەمەللەر ھەققىدە ۋە ئەمەللەرنىڭ ھېس قىلىنىدىغان نەتىجە-
لەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ئەمەللەر ئىكەنلىكى ھەققىدە-
دۇر. ئەمما نەتىجىلەرگە يېتىشتە بولسا ئەمەلى قائىدىگە
ئەگىشىش لازىم. ئەمەلنىڭ پىكىر ئۈستىگە قۇرۇلۇشى ۋە
ئېنىق بولغان غايە ئۈچۈن بولۇشى، ئەمەلى قائىدەدۇر. يەنى
ۋاقىتنى ھېس قىلىش سانىق مەلۇماتلار بىلەن بىرلىكتە
پىكىرنى ھاسىل قىلىش زۆرۈر. بۇ پىكىر ئەمەل بىلەن
بىرگە بولۇشى، پىكىر ۋە ئەمەل ئېنىق بولغان غايە ئۈچۈن
بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ بارچىسى ئىمانغا ئاساسلانغان بولۇشى
لازىم. ئاندىن ئىنسان دائىم ئىمانى مۇھىتتا ماڭىدۇ. ئەمەل-
نى پىكىردىن ياكى ئېنىق غايىدىن ياكى ئىماندىن ئاجرىتىش



www.uyghurkitap.com

ئىسلام ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى كۆتۈرۈش-
تىكى جاۋابكارلىقى ئېغىر بولغان كىشىلەردۇر. ئىسلامىي
ئۇيۇشما كىشىلىرى بىلىشى كېرەككى، ئۇلار ئۇممەت ئىچە-
دە ئىش ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا ئۆزلىرىنىڭ
سانلىرى قانچىلىك كۆپ بولمىسۇن، ئۇممەتسىز ھېچقانداق
قىممەتكە ئىگە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇھىم
ۋەزىپىسى ئۇممەت بىلەن بىرلىشىش، كۆرەشتە ئۇلار بىلەن
بىر سەپتە تۇرۇش ۋە ئىشنى ئېلىپ بارغۇچى ئۇممەتنىڭ
ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.
ئۇيۇشما ئۇممەتتىن ئاجرىلىپ قالغانلىقى ھەققىدە شۈبھە
پەيدا قىلىدىغان چوڭ ياكى كىچىك ھەرقانداق ئىش، سۆز
ياكى ئىشارەتتىن يىراق بولۇشى لازىم. چۈنكى بۇ ھالەت
ئۇممەتنى ئۇيۇشمىدىن ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ
ۋە ئۇيۇشمىنى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتىن توسىدىغان قىيىن-
چىلىقلاردىن بىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇممەت بۆلۈنمەس بىر
پۈتۈن بولۇپ، ئۇيۇشما دۆلەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىش
ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ئۇممەت ۋە دۆلەت ئىچىدە ئىسلامنى
قوغدىغۇچى بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا ئۇممەتتە چەتكە ئېغىشنى
كۆرسە، ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىماننى ۋە بۈيۈك
ئۇممەت ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ئەگەر دۆلەتتە قىڭغىرلىق-
نى كۆرسە ئىسلام بۇيرۇغان ئەمەللەر ئارقىلىق ئۇنى تۈزەش-
تە ئۇممەت بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن
ئۇيۇشما ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلامىي دەۋەت ئۆزىنىڭ تەبىئىي
يولىدا ئالاھىدە بىر شەكىلدە داۋام قىلىدۇ.
دېمەك، ئۇيۇشمىنىڭ غايىسى ئىسلام يۇرتلىرىدا ئىسلا-
مىي ھاياتنى قايتا باشلاش ۋە ئىسلامىي دەۋەتنى ئالەمگە



يېيىشدۇر. ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان تەرىقەت بولسا ھاكىمى-
يەتتۇر. ھاكىمىيەتكە يېتىش تەرىقىتىنىڭ بىر قىسمى بولسا
ئىسلامنى ئۆگىنىش، ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىش ھەمدە
ئىسلامىي شەخسىيەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىسلامىي ئەق-
لىيە بىلەن ئىسلامىي نەفسىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە تەسىر
قىلىدىغان دەرىجىدە ئادەملەرنى ئىسلام بىلەن تەربىيەلەشتىن
ئىبارەت. شۇنىڭدەك ئىسلامنى ئۇممەتكە چۈشەندۈرۈش،
ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ھەقىقىتىنى ۋە ئىسلام ئۇلارنى ھەل
قىلىپ، ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ھەم-
دە ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىنى تەبەننى قىلغانلىقىنى ئۇممەتكە
چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇممەتكە تەسىر ئۆتكۈزۈشمۇ ھاكىمى-
يەتكە ئېلىپ بارىدىغان تەرىقەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇنىڭغا
قارىغاندا ئۇممەتكە تەسىر ئۆتكۈزۈش ۋە دەۋەت يولىدا كۆرەش
قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆگىنىشمۇ توختىماسلىقى كې-
رەك. ھىزبى ئۇيۇشمىنىڭ بۇ ئىشى سىياسىي ئىشتۇر.
شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇيۇشمىدا كۆزگە كۆرۈنگەن تەرەپ سىيا-
سىي تەرەپ بولۇشى زۆرۈر. چۈنكى بۇ ئىسلامغا دەۋەت
قىلىش باشلىنىدىغان ئەمەلىي يولدۇر. بۇ بولسا پەقەت سىيا-
سەتكە ياكى يالغۇز ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزىگە دەۋەت قىلىشنى
بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى ئىسلامغا ۋە ئىسلامنى تەتبىق قىلىدىغان
ھەمدە ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىسلامىي دۆلەتنى
ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇكەممەل ھالدىكى ھاكىمىيەتكە
ئېرىشىش يولىدا سىياسىي كۆرەشكە دەۋەت قىلىشنى بىلدۈ-
رىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىي دەۋەتنى ئېلىپ بارغۇچى
ئۇيۇشما سىياسىي ئۇيۇشما بولۇشى لازىم. ئۇ روھىي ئۇيۇشما،
ئەخلاقىي ئۇيۇشما، ئىلمىي ئۇيۇشما، تەئلىمىي ئۇيۇشما ۋە

ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ چوڭقۇر پىكىر ئۇنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان ياكى ئۇستۇرۇپ بېيىتىدىغان نەرسىگە مۇھتاج بولىدۇ. ئىنقىلابى تەرىقەت شەخسلەرنى ۋە جەمئىيەتنى ئىسلامىي مەبدەء ئاساسىدا تەييارلاشقا مۇھتاج بولىدۇ. بۇ چوڭقۇر پىكىرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ۋە شەخسلەرنى مەبدەء ئاساسىدا تەييارلاش ئەمەل قىلىشنى خالىغۇچى كىشىلەردىن ئىسلامنى ھەمدە جەمئىيەتنى ئۆگىنىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ پەقەت زېھىننى مەلۇماتلار بىلەن بېيىتىش يولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. پىكىرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشى ئۈچۈن بۇ مەلۇماتلارنى زېھنگە يەتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ئاسان ۋە يېقىن يولى - ئۆگىنىشدۇر.

ئۆگىنىشتە ئىسلامنىڭ ئۆزىگە خاس تەرىقىتى باردۇر. ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش بۇ ئۆگىنىشنىڭ مېۋىسىنى بېرىدۇ. بۇ تەرىقەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: مەلۇماتلار ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىلىشى ۋە ئۆگەنگۈچى ئۇلارنى، پىكرىي ۋەتەسىرلىك، يەنى تۇيغۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالدا قوبۇل قىلىشى لازىم، ئاندىن ئۇنىڭ ھاياتنى ۋە ھاياتتىكى ۋەزىپىلەرنى ھېس قىلىشى تەسىرلىك پىكىردىن كېلىپ چىققان ھېس بولىدۇ. ھەتتا بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆگەنگۈچىدە جۇشقۇنلۇق، شىجائەت، پىكىر ۋە باي مەرىپەت ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، ھەمدە تەتبىق تەبىئى نەتىجىگە ئايلىنىدۇ. ئۆگىنىشكە بۇ تەرىقەت ئۆگەنگۈچىدە چۈشىنىشنى ۋە چۈشەنگەن نەرسىلەرنى تەسىرلىك شەكىلدە يەتكۈزۈش لاياقىتىنى پەيدا قىلىشتىن تاشقىرى بۇ تەرىقەت پىكىرنى كېڭەيتىدۇ. پىكىرنى تۇيغۇ بىلەن باغلايدۇ ۋە ئۆگەنگۈچىگە ھايات مۇئامىلىرى-



نى مۇئامىلە قىلىدىغان ھەقىقەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ سەۋەبتىن ئۆگىنىش قۇرۇق بىلىم ئۈچۈن بولۇپ قالماسلىقى لازىم. شۇچاغدا ئۆگەنگۈچى ھەركەتلىنىدىغان كىتابقا ئوخشاپ قالمايدۇ. شۇنىڭدەك پەقەت مەۋئىزە ۋە يوللانمىلاردىن ئىبارەت بولۇپ قالماسلىقىمۇ لازىم. ئەكس ھالدا ئۆگىنىش ئىمان ھارارىتىدىن خالى بولغان يۈزەكى ئۆگىنىش بولۇپ قالىدۇ. ئىسلامنى ئۆگەنگۈچى ئۆگىنىش پەقەت بىلىم ۋە مەۋئىزەلەردىن ئىبارەت دەپ ھېساپلىماسلىقى، بەلكى ئۆگىنىشنىڭ بىلىم ۋە مەۋئىزىلەر بولۇپ قېلىشىنى ئەمەل ئۈچۈن خەتەرلىك ۋە ئۇنىڭدىن ئېزىقتۇرغۇچى ئامىل دەپ ھېساپلىشى لازىم.

ئەمەلدىن كۆزلەنگەن غايىگە يېتىش ئۈچۈن «بۇ غايىگە يېتىش جىددىيلىك ۋە ئەھمىيەتكە ھەمدە ئىسلام ۋەزىپىلىرى بىلەن بىرگە ھىزبى بۇرۇچ تەلەپ قىلىدىغان ۋەزىپىلەرگە باغلىنىشقا مۇھتاج بولىدۇ» ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى لازىم. ئىسلامنىڭ سىلبى ۋە ئىجابى مۇئەييەن ۋەزىپىلىرى بار. ئۇلار مالىيە، جىسمانى ۋە نەپسى تەكلىپلەردىن ئىبارەتدۇر. بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەربىر شەخس ئۈچۈن پەرز ۋە ۋاجىپ بولسا، بەزىلىرى پەرز ۋە ۋاجىپلاردىن باشقا بولۇپ، ئۇلارنى روھى ۋە ئەقلى يۈكسەكلىككە ئېرىشكەنلەر ئىختىيارى رەۋىشتە بېجىرىدۇ، ئۇلار الله تەئالاغا يېقىنلىقنى يەنىمۇ زىيادە بولۇشنى خالىغان ئادەملەردۇر. بۇ ۋەزىپىلەرنى بېجىرىش غايىگە يەتمەك ئۈچۈن زۆرۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرز قىلىنغان ۋەزىپىلەرنىڭ بارچە تۈرلىرىنى (يەنى مالىي، جىسمانىي ۋە نەپسىي) بېجىرىشكە نەپسىنى تەييارلاش ۋە مەجبۇر قىلىش لازىم. ئاندىن غايىگە يېتىش ئۈمۈدى پەيدا

بولىدۇ.

ئەمەل نەتىجىلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇ باشلىنىدىغان جاينى ۋە ئۇنى باشلاپ بېرىدىغان جامائەنى بەلگىلىۋېلىش زۆرۈر. توغرا، ئىسلام ئالەم شۇمۇل دىن بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بىردەك قارايدۇ ۋە بارچە ئادەملەرنى باراۋەر، دەپ ھېساپلايدۇ. دەۋەتتە مۇھىتلار، جايلار، تۇپراق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، بەلكى بارچە ئادەملەرنى دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقا يارامىلىق، دەپ ھېساپلايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بۇ دەۋەتنى يەتكۈزۈشكە جاۋاپكار، دەپ ھېساپلايدۇ. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئىسلام ئەمەلنى پۈتۈن ئالەمدە باشلىمايدۇ. چۈنكى ئەمەلنى بۇنداق باشلاش مۇۋەپپەقىيەتسىز ئىش، دەپ ھېساپلىنىدۇ ۋە ئۇمۇمەن نەتىجىگە ئېلىپ بارمايدۇ. بەلكى ئەمەل شەخستىن باشلىنىپ، ئالەمدە ئاخىرغىچە يېتىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەت مۇستەھكەم ئورناشقان جاي «باشلىنىش نۇقتىسى» بولۇشى ئۈچۈن دەۋەتنى ئۇ يەردە كۈتۈرۈپ چىقىش كېرەك. كېيىن دەۋەت مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان ئۇ ياكى باشقا جايلار دەۋەت تۈز يولىدا ھەرىكەت قىلىدىغان «ھەرىكەت نۇقتىسى» قىلىپ ئېلىنىدۇ. كېيىن بۇ ياكى باشقا جايلار دۆلەت قۇرۇلىدىغان «مەركىزى نۇقتا» قىلىپ ئېلىنىدۇ. بۇ دۆلەتتە دەۋەت مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ، ئۇنىڭ تەبىئى يولى - جىھاد يولىغا چۈشۈپ ماڭىدۇ. لېكىن جايلار ھەربىر نۇقتىدىكى ئەمەل ئورنى قىلىپ ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق بىر نۇقتىدىن ئىككىنچى نۇقتىغا كۆچۈۋاتقان نەرسە جاي ئەمەس، دەۋەتتۇر. دېمەك، دەۋەت بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىش ئېلىپ بېرىلىۋاتا-



قان بارچە جايلاردا كۆچۈپ يۈرۈۋىدۇ. گەرچە باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشى، كېيىن يېيىلىش نۇقتىسى ۋە مەركىزى نۇقتا ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۈچۈن جاينى بەلگىلىۋېلىش لازىم بولسىمۇ، بىراق بۇ ئۈچ نۇقتىنىڭ ھەربىرىدە جاينى بەلگىلەش ئىنسان ھۆكۈمران بولىدىغان دائىرە ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان بۇنىڭغا ئىگە ئەمەس ۋە ئىگىمۇ بولالمايدۇ. بەلكى ئۇ ئىنساننىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولغان دائىرىگە كىرىدۇ. ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئۆزى ھۆكۈمران بولغان دائىرىدىكى ئەمەللەرنىلا بېجىرىشتۇر. ئەمما باشقا دائىرىدىكى ئەمەللەر ئاللەنىڭ خاھىشى ۋە قازاسىغا مۇۋاپىق رەۋىشتە بولىدۇ.

زېھنىدە دەۋەتنىڭ بىرىنچى ئۇچقۇنى پەيدا بولغان ھەمدە دەۋەتنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن اللە تەييارلىغان شەخس بار جاي باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. بەزەن بىرنەچچە شەخس بۇ سەزگۈلەرنى ھېس قىلىدۇ لېكىن دەۋەتنى بېيىش ئۈچۈن اللە تەييارلىغان شەخسنىڭ كىملىگى ئۆزى مەيدانغا چىقمىغىچە مەلۇم بولمايدۇ. ئۇ بار جايدا دەۋەت باشلىنىدۇ ۋە بۇ جاي باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئەمما ھەرىكەت نۇقتىسى جەمئىيەتلەرنىڭ تەييارلىقىغا باغلىق بولىدۇ. چۈنكى جەمئىيەتلەر پىكىرلەر، تۇيغۇلەر ۋە قانۇنلاردا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. جەمئىيەت يارامىلىق ۋە مۇھىت مۇۋاپىق بولغان جاي ھەرىكەت نۇقتىسى بولىدۇ. كۆپىنچە باشلىنىش نۇقتىسى بولغان جاي، گەرچە زۆرۈرىي بولمىسىمۇ، ھەرىكەت نۇقتىسى بولىدۇ. چۈنكى ھەرىكەت ئۈچۈن ئەڭ يارامىلىق جاي سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي زۇلۇم

كۆچەيگەن ھەمدە دىنسىزلىق ۋە بۇزۇقلۇق ئەۋجىگە چىققان جايدۇر.

تاياڭ نۇقتىسىمۇ دەۋەتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئۇتۇقلىرىغا باغلىق بولىدۇ. دەۋەت ئۆز جەمئىيىتىگە تەسىر قىلمىغان ۋە ئۆزى ئۈچۈن مۇناسىپ مۇھىتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمىگەن جاي، مەبدەئنى يايغۇچىلار قانچىلىك كۆپ بولمىسۇن، تاياڭ نۇقتىسى بولۇش ئۈچۈن يارامسىزدۇر. جەمئىيەت تەربىيەدىن پىكرەت ۋە تەرىقەت ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىنغان ۋە ئۇلار ھۆكۈمران بولغان جاي، مەبدەئنى يايغۇچىلار سانىدىن قەتئىينەزەر، تاياڭ نۇقتىسى بولۇش ئۈچۈن يارامىلىقتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتنى يايغۇچىلار دەۋەتنى يايغۇچىلارنىڭ سانىغا قاراپ دەۋەتكە باھا بەرمەسلىكى لازىم. بۇنداق باھا بېرىش ئوچۇق خاتا ۋە دەۋەت ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر. چۈنكى بۇ نەرسە دەۋەتنى يايغۇچىلارنى جەمئىيەتتىن شەخسلارغا بۇراپ قويىدۇ ۋە بۇ ھالەت سۇسلۇققا سەۋەپ بولىدۇ، كۆپىنچە ئاشۇ جايلاردا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككىمۇ سەۋەپ بولىدۇ. بۇنىڭ سىرى شۇكى، جەمئىيەت كۆپچىلىك ئويلىغىنىدەك شەخسلەردىن تەشكىل تاپقان ئەمەس، بەلكى شەخسلەر جامائەنىڭ بۆلەكلىرىدۇر، جەمئىيەتتە بۇ شەخسلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان باشقا بۆلەكلەر باردۇر. بۇلار پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەت بۇ پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلارنى تۈزۈتۈشكە قارىتىلىدۇ. بۇ دەۋەت جامائى دەۋەت بولۇپ، ئۇ شەخسلەرنى ئەمەس، جەمئىيەتنى تۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان دەۋەتتۇر. شەخسلەرنى ئىسلاھ قىلىش بولسا، ئۇلار جەمئىيەتكە دەۋەتنى يايغۇچى جامائى ئۇيۇشمىغا ئەزا بولۇش ئۈچۈندۇر.



شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشۈنۈپ يەتكەن دەۋەتنى يايغۇچى شەخسلەر جەمئىيەتكە دەۋەتنى يېيىش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە تايىنىدۇ ۋە شەخسنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدۇ، ھەتتا شەخسنى ئىسلاھ قىلىش ئۇنىڭ ئۆزىنى دائىمىي ئىسلاھ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ بىلىدۇ. بەلكى، شەخسنى ئىسلاھ قىلىش پەقەت جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. دېمەك، جەمئىيەت ئىسلاھ قىلىنغاندىلا شەخس ئىسلاھ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەت جەمئىيەتلەرگە قارىتىلىشى ھەمدە قائىدە تۆۋەندىكىچە بولۇشى لازىم: «جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلساڭ، شەخس ئىسلاھ قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسلاھى دائىمىي بولىدۇ».

جەمئىيەتنى كاتتا قازاندىكى سۇغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئەگەر ئۇنىڭ ئاستىغا ياكى ئەتراپىغا سوۋۇتىدىغان نەرسىنى قويسىڭىز، سۇ سوغۇپ مۇزغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، جەمئىيەتكە بۇزۇق مەبدەئلەرنى كىرگۈزۈلسە، بۇزۇقلۇقىدا قېتىپ قالىدۇ ھەمدە تۆۋەنلىك ۋە ئىنقىرازدا داۋام قىلىدۇ. ئەگەر جەمئىيەتكە قارمۇ - قارشى مەبدەئلەرنى كىرگۈزۈلسە، ئۇنىڭدا زىددىيەتلەر پەيدا بولۇپ، جەمئىيەت ئۆز زىددىيەتلىرى ۋە بىقارارلىقىدا ئادىشىپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئەگەر قازاننىڭ ئاستىغا كۈچلۈك كۆيۈۋاتقان ئوتنى قويسىڭىز، سۇ ئىسسىيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قايناپ، ھەركەتلەندۈرگۈچى پارغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر جەمئىيەتكە توغرا مەبدەئ كىرگۈزۈلسە، ئۇ جەمئىيەتتىكى ئوت يالقۇنىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ھارارىتى جەمئىيەتنى قايناتىپ كېيىن ھەركەتلەندۈرىدۇ. نەتىجىدە جەمئىيەت مەبدەئنى تەتبىق

... چىقىدۇ. ئ
زاندىكى سۇنىڭ ئۆزگىرىشى كۆرەلمىگىنىدەك، جەمئىيەت-
نىڭ بىر ھالەتتىن ئۇنىڭغا زىت بولغان بىر ھالەتكە يۆتكىلى-
شى، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ بىر ھالەتتىن باشقا
بىر ھالەتكە ئۆتۈشى كۆرۈنمىسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنى بىلە-
گۈچىلەر ۋە كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان مەبدەئلىرى كۆيدۈرگۈچى
ئوت ۋە يورۇتقۇچى نۇر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈچىلەر جەمئى-
يەت ئۆزگىرىش ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى ۋە تېز ئارىلىقتا
قايناش دەرىجىسىگە يېتىپ، كېيىن ئەلۋەتتە ھەرىكەت دەرە-
جىسىگە يېتىشىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇلار جەمئىيەتلەرگە ئېتىبارنى قارىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تايانچ نۇقتىسى بولۇشقا يارامىلىق جاينى
بىز بىلمەيمىز، چۈنكى ئۇ پەقەت دەۋەتنىڭ قۇۋۋىتىگە ئە-
مەس، جەمئىيەتنىڭ تەييارلىقىغىمۇ باغلىق. مەككىدە ئى-
لاھىي دەۋەت ناھايىتى كۈچلۈك بولغان، شۇنداقتىمۇ مەككە
دەۋەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ھەرىكەت نۇقتىسى بولۇشقا
يارامىلىق بولۇپ، دەۋەت ئۇ يەردىن تارقالغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ تايانچ نۇقتىسى بولۇش ئۈچۈن يارامىلىق بولمىدى.
بەلكى تايانچ نۇقتىسى مەدىنىدە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇ-
لۇللاھ (س. ئە. ۋ) مەدىنە جەمئىيىتىدىن قانائەت ھاسىل
قىلغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلدى ۋە ئۇيەردە دۆلەت-
نى بەرپا قىلدى. بۇ دۆلەت دەۋەتنىڭ كۈچى بىلەن ئەرەبىس-
تان يېرىم ئارىلىنىڭ قالغان جايلىرىغا، كېيىن دۇنيانىڭ
تۈرلۈك تەرەپلىرىگە كېڭەيدى.

شۇنىڭدىن ئېيتالايمىزكى، دەۋەتنى يايغۇچىلار قانچە زې-
رەك ۋە ۋاقىتلارنى تەھلىل قىلالايدىغان بولسىمۇ ئۇلار ھە-



رىكەت نۇقتىسى ھەمدە تايانچ نۇقتىسى بولۇش ئۈچۈن يارامى-
لىق جاينى بىلەلمەيدۇ، بەلكى بۇنى يالغۇز اللە تەئالا بىلى-
دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتنى يايغۇچىلار بىرلا نەرسىگە، يەنى
اللە تەئالاغا بولغان ئىمانغا تايىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ بارچە
ئەمەللىرى پەقەت شۇ ئىمانغا ئاساسلانغان بولۇشى لازىم.
پەقەت اللەنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىمان بىلەنلا دەۋەت ئۇتۇققا
ئېرىشىدۇ.

اللەغا بولغان ئىمان ئۇنىڭغا توغرا تەۋەككۈل قىلىشنى
ۋە پەقەت ئۇنىڭدىنلا ياردەم سوراشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى
يالغۇز اللە تەئالالا سىرنى ۋە مەخپىي نەرسىلەرنى بىلىدۇ
ھەمدە دەۋەتنى يايغۇچىلارنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ ۋە
ھىدايەت يولىغا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمان كۈچلۈك،
اللەغا تەۋەككۈل قىلىش مۇكەممەل ۋە اللەدىن ياردەم سوراش
داۋاملىق بولۇشى زۆرۈردۇر. ئىمان مۆئمىندىن مەبدەئگە
ئىمان كەلتۈرۈشنى يەنى ئىسلامغا ئىمان كەلتۈرۈشنى تەلەپ
قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام اللە تەئالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەندۇر.
شۇنىڭدەك، بۇ ئىمان بىرەر شۈبھە ئارىلاشمىغان مۇستەھ-
كەم، سابىت ئىمان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭغا شۈبھە كىرىپ
قېلىشنىڭ ئېھتىماللىقىمۇ بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى مەب-
دەئ ھەققىدىكى ھەرقانداق شۈبھە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە،
بەلكى كۆپىنچە ئاسىيلىققا ۋە كۇفۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ.
بۇنىڭدىن اللەنىڭ ئۆزى ساقلىسۇن.

شۈبھە ئارىلاشمىغان بۇنىڭغا ئوخشاش كۈچلۈك ئىمان
دەۋەتنى يايغۇچىلار ئۈچۈن زۆرۈردۇر. چۈنكى دەۋەت ئۆزى-
نىڭ توغرا يولدا تېز چوڭ قەدەملەر بىلەن يۈرۈشىنىڭ
داۋام قىلىشىغا كېپىل بولىدىغان ئىمان ئاشۇ ئىماندۇر. بۇ

ئىمان دەۋەت ئوچۇق بولۇشىنى ۋە ھەممە نەرسىنى: ئادەت-
لەر، ئەنئەنىلەر، بۇزۇق پىكىرلەر، خاتا چۈشەنچىلەرگە
قارشى چىقىشنى، ھەتتا خاتا بولسا رەئىيى ئامغا قارشى چى-
قىشنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە رەئىيى ئام بىلەن كۆرەش
قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ. شۇنىڭدەك، ئەقىدىلەر ۋە دىنلار-
غا، گەرچە بۇ دىن ۋەكىللىرىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىگە دۇچ
كەلسىمۇ، قارشى چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئىسلامنى ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغان دەۋەت ئوچۇقلۇق،
جۈرئەت، قۇۋۋەت، پىكىر بىلەن ئالاھىدە تۇرىدۇ. نەتىجە ۋە
ۋەزىيەتلەردىن، ئامما خەلققە ماس كېلىش كەلمەسلىكىدىن،
ئادەملەر ئۇنى قوبۇل قىلىش ياكى ئۇنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا
قارشى كۆرەش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر پىكرەت ۋە تەرىقەتكە
زىت ھەر بىر نەرسىگە قارشى چىقىش ۋە ئۇلارنىڭ ساقىتلى-
قىنى پاش قىلىش ئۈچۈن يۈزمۇ - يۈز تۇرۇشى بىلەن
ئالاھىدە تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتنى يايغۇچى شەخس
خەلققە خۇشامەتچىلىك بىلەن تىل ياغلىمىچىلىق قىلمايدۇ.
جەمئىيەت يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان ھاكىملار ۋە باشقىلارغا
ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ جىرايلىق كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنماي-
دۇ، بەلكى مەبدەئىدىن باشقا ھېچنەرسىنى ھېسابقا ئالماي
پەقەت مەبدەئنى مەھكەم تۇتىدۇ.

بۇ ئىمان خوجايىنلىق يالغۇز مەبدەئكە، يەنى يالغۇز
ئىسلامغا بېرىلىشىنى ۋە ئىسلامدىن باشقا مەبدەئلەرنى ئۇلار
نانچىلىك تۈرلۈك - تۈمەن ۋە ھەرخىل بولسىمۇن، كۇفرى
دەپ ئېتىۋار قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:
(ان الدين عندالله الاسلام)
— «ئەلۋەتتە اللەنىڭ ھوزۇرىدا مەقبۇل بولىدىغان دىن



پەقەت ئىسلام دىنىدۇر.» 3:19

ئىسلامغا ئىمان كەلتۈرمىگەن ھەربىر كىشى ئىسلام نە-
زىرىدە كاپىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامنى دەۋەتنى يايغۇ-
چىلار ئىسلامدىن باشقا دىن ياكى مەبدەئ: ئىگىلىرىگە «ئۆز
مەبدىئىڭلارنى ۋە دىنىڭلارنى مەھكەم تۇتۇڭلار»، - دېيىش-
جائىز ئەمەس، بەلكى ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇلار-
نى ئىسلامغا ھىكمەت ۋە چىرايلىق مەۋئىزە بىلەن دەۋەت
قىلىش لازىم. چۈنكى دەۋەت دەۋەتنى يايغۇچىلاردىن خوجا-
يىنلىق يالغۇز ئىسلامنىڭ بولۇشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش-
لىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. غەيرى مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىن ۋە
ئېتىقادلىرىدا قالدۇرۇش، ئۇلارنىڭ دىنىنى تەن ئېلىش دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى بۇ اللەتائالانىڭ «دىندا
مەجبۇرلاش يوق» دېگەن بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشتۇر. اللە تائا-
لانىڭ بۇ بۇيرۇقى شەخسلەر ئۆز ئېتىقاد، دىن ۋە ئىبادەتلە-
رىدە جامائى ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى يەككە ھالىتىدە قې-
لىشنى ۋە ئىسلام ۋۇجۇدىدا ئالاھىدە بىر ۋۇجۇد بولۇپ
قالماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامغا زىت
ئاساسقا قۇرۇلغان غەيرى ئىسلامىي سىياسىي ھىزىپ ياكى
ئويۇشمىلارنىڭ بولۇشىنى ئىسلام مەنئى قىلىدۇ ۋە پەقەت
ئىسلام دائىرىسىدە ھىزىبلار ۋە ئويۇشمىلار بولۇشقا رۇخسەت
بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەبدەئكە بولغان ئىمان جەمئىيەتتە
يالغۇز مەبدەئنىڭ ئۆزىنى ھۆكۈمران قىلىشنى ۋە باشقىلارنى
ئۇنىڭ بىلەن شېرىك قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدى.

ئىسلامغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە قا-
نۇنلىرىنى چۈشىنىشتىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى ئىسلامغا ئىمان
كەلتۈرۈش ئەقىل يولى ئارقىلىق ياكى ئەسلى ئەقىل بىلەن

ئىسپاتلانغان بول ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن
بۇ ئىمانغا شۇبھە كىرەلمەيدۇ. ئەمما ئىسلام ھۆكۈملىرىنى
چۈشىنىش يالغۇز ئەقىلنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى
ئەرەب تىلىنى بىلىشكە، ئىستىنبات قۇۋۋىتى مەۋجۇت بولۇ-
شىغا ھەمدە سەھىي ھەدىسلەرنى زەئىپلەردىن ئاجرىتىشنى
بىلىشكە باغلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتنى يايغۇچىلار
ئەھكاملارنى چۈشىنىشلىرىنى «توغرا چۈشىنىش ۋە خاتانىڭ
ئېھتىمالى بار». باشقىلارنىڭ چۈشىنىشلىرىنى بولسا، «خا-
تا ۋە توغرا بولۇش ئېھتىمالى بار»، دەپ ھېسابلىشى لازىم.
شۇچاغدا چۈشىنىشلىرى ۋە ئىستىنباتلىرىغا مۇۋاپىق ئىسلامغا
ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىغا دەۋەت قىلىش ھەمدە «خاتا ۋە توغرا
بولۇشىنىڭ ئېھتىمالى بار»، دەپ ھېساپلاشقان باشقىلارنىڭ
چۈشەنچىلىرىنى «توغرا ۋە خاتالىقىنىڭ ئېھتىمالى بار»،
دەپ ھېساپلاشقان ئۆز چۈشەنچىلىرىگە ئايلاندۇرۇش ئۇلارغا
مۇيەسسەر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتنى يايغۇچىلار ئۆز
چۈشەنچىلىرى ھەققىدە: «بۇ ئىسلامنىڭ رەئيى»، - دېيىش-
لىرى دۇرۇس ئەمەس. بەلكى ئۇلار ئۆز رەئيلىرى ھەققىدە
-«بۇ ئىسلامىي رەئيى»، - دېيىشلىرى لازىم. مەزھەب ئى-
گىرلىرى بولغان مۇجتەھىدلار ھۆكۈملەرنى ئىستىنبات قى-
لىشلىرىنى «توغرا ۋە خاتالىقنىڭ ئېھتىمالى بار»، دەپ
ھېساپلاشقان. ئۇلارنىڭ ھەربىرى «ئەگەر ھەدىس سەھىي بول-
سا، ئۇ مېنىڭ مەزھەبىم، مېنىڭ گېپىمنى تاشلاڭلار»
دېگەن ئىدى. شۇنىڭدەك دەۋەتنى يايغۇچىلار ئۆزلىرى تەبەننى
نى قىلغان رەئيلار ياكى ئىسلام دىن دېگەن ئېتىبار بىلەن
يېتىپ بارغان رەئيلىرىنى «توغرا ۋە خاتا بولۇشقا ئېھتىمال-
لىقى بار» رەئيلەر دەپ ھېسابلىشى لازىم. ئەينى پەيتتە



ئۇلارنىڭ ئىسلامغا بولغان ئىمانلىرى ھېچقانداق شۇبھە كىرى-
شى مۇمكىن بولمىغان ئەقىدەدۇر. دەۋەتنى يايغۇچىلار ئۆز
چۈشەنچىلىرىنى بۇنداق ھېساپلاشلىرىنىڭ سەۋەبى شۇكى،
دەۋەت ئۆز ئىگىلىرىنىڭ دىللىرىغا كامالەتكە ئىنتىلىشنى
تىكىدۇ. ئۇلارغا دائىم ھەقىقەتنى ئىزدەشنى ۋە ھەر بىر
بىلگەن ۋە چۈشەنگەن نەرسىلەرنى داۋاملىق رەۋىشتە تەكشۈ-
رۈپ تۇرۇشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ چاغدا يات نەرسىلەر
ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ئۇنى پاكىز ساقلايدۇ. ھەمدە
يېقىن تۇرسا ئۇنىڭغا يېپىشىپ ئۇنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ
قېلىشىنىڭ ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق نەرسىلەردىن ئۇنى
يىراقلاشتۇرىدۇ. بۇ نەرسە دائىم چۈشەنچە توغرا ۋە پىكىر
چوڭقۇر بولۇشى ئۈچۈن ھەمدە پىكرەت ساپ ۋە ئېنىقلىقىدا
قېلىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. چۈنكى پىكرەتنىڭ ساپ ۋە ئې-
نىقلىقىغا قاراپ ئۇلار دەۋەتنى ئېلىپ بېرىشلىرى ئاسان
بولىدۇ. چۈنكى پىكرەتنىڭ ساپلىقى ۋە تەرىقەتنىڭ روشەنلە-
كى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت داۋام قىلىشىنىڭ
كاپالىتىدۇر.

بىراق ھەقىقەتنى بۇنداق تەكشۈرۈش ۋە توغرىسىنى
ئىزدەش ئۇلارنىڭ چۈشىنىشلىرى شامال چىقىشقا قاراپ ئۆز-
گەرگۈچىمۇ بولىدۇ، دېگەن مەنانى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى ئۇ-
لارنىڭ چۈشەنچىلىرى چوڭقۇر پىكىردىن كېلىپ چىققانلىقى
ئۈچۈن ئۆزگەرمەس چۈشەنچە بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن
بۇ چۈشەنچە باشقا ھەرقانداق چۈشەنچىگەقارىغاندا مۇستەھ-
كەمدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن دەۋەتنى يايغۇچىلار دەۋەتلىرى
ۋە چۈشەنچىلىرىگە ھۇشيار ھەمدە باشقىلار بۇ چۈشەنچىلەر-
دىن ئۇلارنى ئىبزىقتۇرۇشتىن، ئېھتىيات قىلىشلىرى لا-

بۇ ئىبرەتلىك ۋەقە ئەمەلىيەتتە بۇ ئېزىقتۇرۇش دەۋەتكە ئەڭ خەتەرلىك نەرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا پەيغەمبىرى (س ئە ۋ) نى بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتتىكى:

(واحذرهم ان يفتنوك عن بعض ماانزل الله اليك)

— «اللە سىزلەرگە نازىل قىلغان ھۆكۈملەرنىڭ ئايرىملىرىدىن سىزنى بۇراپ پىتنىگە سېلىپ قويۇشلىرىدىن ئېھتىيات قىلىڭ» 5:49

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ قارىسى شۇرەيھكە اللەنىڭ كىتابىغا قاراشنى تەۋسىيە قىلىپ شۇنداق دېدى: «سىزنى قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈلۈق كىشىلەر بۇراپ قويمىسۇن». شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتنى ياغۇچىلار بىرەر خالىس كىشى تەرىپىدىن ئېيتىلغان ئىسلامغا زىت سۆزدىن ياكى دەۋەتنى ئېزىقتۇرغۇچى كىشى پايدىلىق دېگەن ھۆججەت بىلەن بىلدۈرگەن ئىسلامغا زىت رەئيىلەردىن ئېھتىيات قىلىشى لازىم. بۇنداق ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلسۇن ۋە ھېچكىمگە بۇنداق ئىش قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەرمىسۇن. چۈنكى بۇنداق ئىشتا ئوچۇق زالالەت بار. ئىسلامغا بولغان دەۋەت بىلەن ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باشلاشقا بولغان دەۋەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئاجرىتىۋېلىش لازىم. شۇنىڭدەك ئۈممەت ئىچىدە ئىسلامىي ئۇيۇشما سۈپىتىدە بىر جامائەت ئېلىپ بارىدىغان دەۋەت بىلەن ئىسلام دۆلىتى ئېلىپ بارىدىغان دەۋەت ئوتتۇرىسىنى ئاجرىتىۋېلىش لازىم.

ئىسلامغا بولغان دەۋەت بىلەن ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باشلاشقا بولغان دەۋەت ئوتتۇرىسىنى ئاجرىتىۋېلىش دەۋەت ئېلىنىۋاتقان غايىنى بىلىش ئۈچۈن كېرەكتۇر. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، ئىسلامغا بولغان دەۋەت غەيرى



مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ چىقىلىپ، ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭ قورغىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. ئۇلار ئىسلام ئۇلارنى دەۋەت قىلىشنىڭ ئەمەلىي تەرىقىتى: ئۇلارغا ئىسلام نۇرىنى كۆرۈشلىرى ئۈچۈن ئىسلامىي دۆلەت تەرىپىدىن ئىسلام ھۆكۈملىرى بىلەن باشقۇرۇلىدۇ ۋە ئىسلامنىڭ بۈيۈكلىكىنى ئىدراك قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەقىدە ۋە ھۆكۈملىرىنى ئۇلارغا بايان قىلىنىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامغا بولغان ۋەتنى ئىسلام دۆلىتى ئېلىپ بېرىشى لازىم.

ئەمما ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باشلاشقا بولغان دەۋەتنى شەخسلەر ئەمەس، ئۇيۇشما ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئىسلامىي ھاياتنى قايتىدىن باشلاشقا بولغان دەۋەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام بىلەن باشقۇرۇلمايۋاتقان جەمئىيەت غەيرى ئىسلامىي جەمئىيەت بولىدۇ ۋە ئۇنى «دارۇل كۇفرى» دېيىش مۇۋاپىق. ئۇ يەردە ئىسلامنى تەتبىق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ دەۋەتىنى باشقىلارغا ئېلىپ بارىدىغان ئىسلامىي دۆلەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن دەۋەت ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىسلامىي دۆلەت ئۇمۇمەن يوق بولسا، شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئىسلامنى مۇكەممەل تەتبىق قىلىۋاتقان ئىسلامىي دۆلەت مەۋجۇت بولسا، غەيرى ئىسلامىي جەمئىيەتتە ئۇمۇ ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ئىقلىملىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن دەۋەت ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇمۇ ئىسلامىي دۆلەت تەرىپىدىن ئىسلام بىلەن باشقۇرۇلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامىي دەۋەتنى ئېلىپ چىقىدىغان قىسىملاردىن بىرى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈندۇر. شۇ چاغدا ئۇمۇ ئىسلامىي جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ ۋە

ئۇنى «دارۇل ئىسلام» دېيىش توغرا بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان «دارۇل كۇفرى»دا ياشىشى جايىز ئەمەس، بەلكى ئۇ ياشاپ تۇرغان «دارۇل ئىسلام» «دارۇل كۇفرى» بولۇپ قالسا ئۇنى يەنە «دارۇل ئىسلام» قىلىشقا ھەرىكەت قىلىشى ياكى «دارۇل ئىسلام»غا ھىجرەت قىلىشى لازىم.

ئىسلامىي ئۈممەت ئىچىدىكى بىرەر جامائە ئېلىپ بارىدىغان دەۋەت بىلەن ئىسلامىي دۆلەت ئېلىپ بارىدىغان دەۋەت ئوتتۇرىسىنى ئاجرىتىۋېلىش دەۋەتنى ئېلىپ بارغۇچىلار قىلىدىغان ئىشنىڭ تۈرىنى بىلىش ئۈچۈن كېرەك. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: ئىسلامىي دۆلەت ئېلىپ بارىدىغان دەۋەتتە ئەمەلى جەھەت كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دۆلەت ئىسلامنى ئىچكىرىدە تولۇق ۋە ئومۇمى رەۋىشتە تەتبىق قىلىدۇ. ئاندىن مۇسۇلمانلار ھاياتتا بەختلىك بولىدۇ ۋە ئىسلامىي دۆلەت سايىسىدا ياشاۋاتقان غەيرى مۇسۇلمانلار ئىسلام نۇرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن رازى ۋە خاتىرجەم بولۇپ كىرىدۇ. دۆلەت پەقەت تەرغىبات ۋە ئىسلام ھۆكۈملىرىنى شەرھىلەش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خوشنا ئۆلكىلەرنى ئىسلام بىلەن باشقۇرۇش دەۋەتنىڭ ئەمەلى تەرىقىتى، دېگەن ئېتىبار بىلەن ئۇلارنى ئىسلام بىلەن باشقۇرۇش مەقسىتىدە الله يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن كۈچ تەييارلاش بىلەنمۇ دەۋەتنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىدۇ. رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) قوللانغان، كېيىن تا ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ئاخىرلىرىغىچە خەلىپىلەر قوللانغان تەرىقەت ئەينەن شۇدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت تەرىپىدىن ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتتە دەۋەتنى ئېلىپ بېرىش دەۋەتتىكى ئەمەلى جەھەتتۇر.

ئەمما جامائە ياكى ئۇيۇشما ئېلىپ بارىدىغان دەۋەت



پىكىرگە تەئەللۇق ئىشلار بولۇپ، باشقا ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئالاقىسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋەت ئەمەلى جەھەتنى ئەمەس، پىكرىي جەھەتنى ئېلىپ، ئىسلامىي دۆلەت ۋۇجۇتقا كەلگىچە شەرىئەت بۇنداق ھالەتتە بەلگىلەپ بەرگەن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. دۆلەت ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن دەۋەتتە ئەمەلى جەھەت باشلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى دەۋەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جامائە ياكى ئۇيۇشما ئۇلارنى ئىسلامىي ھاياتقا قايتا باشلىشى ئۈچۈن ئىسلامنى چۈشىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ ۋە كۈرەش تەلەپ قىلىدىغان ئۇسلۇپ بىلەن بۇ دەۋەتنى توساۋاتقانلارغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) نىڭ مەككىدىكى ھاياتلىرى دەۋەتنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن نەمۇنە قىلىنىشى لازىم. بۇ ھاياتقا قارىغاندا ئىسلام بەلگىلىگەن ۋەزىپىلەرنى بېجىرىش بىلەن بىرگە ئەرقەمنىڭ ئۆيىدە بولغىنىدەك، ئىسلامنى ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىش باسقۇچى باشلىنىدۇ. كېيىن ئىسلامنى ئۆگىنىپ ياخشى چۈشەنگەن سادىق مۆئمىنلەر ئۈممەت ئىسلامنى ياخشى چۈشىنىپ يېتىشى ۋە ئىسلامىي دۆلەتنىڭ بولىشى زۆرۈرلىكىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئۈممەتكە تەسىر ئۆتكۈزۈش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. ئۇيۇشما ئاۋۋال ئادەملەرنىڭ بۇزۇق قىلمىشلىرىنى ئەسلىتىپ، بۇلارنىڭ ئەيىب ئىكەنلىكىنى پاش قىلىشى، ئۇلار بىلەن خاتا چۈشەنچىلىرى ھەققىدە توختۇلۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئەخمىقانە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشى ۋە ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە دەۋەتنىڭ ماھىيىتىنى بايان قىلىپ بېرىشى لازىم. ئاندىن ئادەملەردە دەۋەت ھەققىدە ۋەئى ئام (يەنى ئومۇمى ئاڭ) ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. دەۋەت

كىشىلىرى ئۇممەتنىڭ بىر بۆلىكىگە ئايلىنىدۇ ۋە ئۇممەت
ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بۆلۈنمەس بىر پۈتۈن بولۇپ قالىدۇ.
شۇ چاغدا ئۇممەت بىر پۈتۈن بولۇپ دەۋەتنى ئېلىپ بېرىۋات-
قان ئويۇشما يېتەكچىلىكىدە مىۋىلىك ئىش قىلىدۇ. ھەتتا
ئۇلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ ئىسلامىي دۆلەتنى ۋۇجۇتقا
كەلتۈرىدۇ. شۇ ۋاقىتىدا رەسۇلۇللاھ(س ئە ۋ) نىڭ مەدىنىدە-
كى ھاياتلىرىنى ئىسلامنى تەتبىق قىلىش ۋە ئىسلامغا دەۋەت
قىلىشتا نەمۇنە قىلىنىپ ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتنى
ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلامىي ئويۇشمىنىڭ ئەمەلى جەھەتلەرگە
ئالاقىسى بولمايدۇ. دەۋەتتىن باشقا نەرسە بىلەن شۇغۇللان-
مايدۇ. باشقا ئىشلاردىن بىرەرسى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى
دەۋەتتىن ئېزىقتۇرغۇچى ۋە توسۇغۇچى نەرسە دەپ ھېساپلاي-
دۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش مۇتلەق
توغرا ئەمەس. رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) مەككىدە ئىسلامغا
دەۋەت قىلىۋاتقاندا مەككە پىسقى فۇجۇرغا تولغان ئىدى.
شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ھېچنەرسە قىلمە-
دى. زۇلۇم، پەقىرلىق ۋە مۇھتاجلىق ئوچۇق كۆرۈنۈپ
تۇرغان بولسىمۇ، بۇ نەرسىلەرنى يەڭگىللەشتۈرۈش ئۈچۈن
بىرەر ئىش قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان ئەمەس. كەئبىدە
بولغاندا بۇتلار باشلىرى ئۈستىدە بويىنىنى سوزۇپ تۇراتتى.
بۇتلارنىڭ بىرەرسىگە قول تەككۈزگىنى رىۋايەت قىلىنغان
ئەمەس، بەلكى مۇشرىكلارنىڭ خۇدالىرىنى ئېيىپلەپ، ئە-
قىللىرىنىڭ ئەخمەقلىقىنى كۆرسىتىپ، ئەمەللىرىنىڭ ساخ-
تىلىقىنى پاش قىلاتتى. سۆزگە ۋە پىكرىي جەھەتكە چەكلە-
نەتتى. لېكىن قوللىرىدا دۆلەت بەرپا بولۇپ، مەككىنى
پەتھى قىلغان چاغدا ئۇ بۇتلاردىن، شۇ پىسىق فۇجۇر، زۇ-



www.uyghurkitap.com

لۇملار، پەقىرلىق ۋە مۇھتاجلىقلاردىن بىرەرسىنى قالدۇر-
مىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئويۇشما دەۋەتنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا،
ئويۇشما سۈپىتىدە باشقا ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىشى مۇم-
كىن ئەمەس. ئويۇشما پىكىر ۋە دەۋەتنىڭ ئۆزىگە چەكلىنى-
شى لازىم. بىراق ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرى قىزىققان خەي-
رىيەت ئىشلارنى قىلىشتىن قايتۇرۇلمايدۇ. ئويۇشما بولسا
ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىشى دەۋەتنى ئېلىپ
بېرىش ئۈچۈن دۆلەتنى تىكلىشتىن ئىبارەت.
رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) نىڭ مەككىدىكى ھاياتىنى نەمۇنە
قىلىۋېلىش ۋاجىپ بولسىمۇ، مەككە ئەھلى ۋە ئۇلارنى ئىس-
لامغا دەۋەت قىلىش بىلەن ھازىرقى مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنى
ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باشلاشقا دەۋەت قىلىش ئوتتۇرىسىدا-
كى پەرق ھېساپقا ئېلىنىشى كېرەك. يەنى رەسۇلۇللاھ (س
ئە ۋ) كاپىرلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغانىتى. ئەمما ھازىرقى
دەۋەت مۇسۇلمانلارنى ئىسلامنى چۈشىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئە-
مەل قىلىشقا دەۋەت قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى
دەۋەت يەڭگىل ۋە ئاساندۇر.
شۇ سەۋەبتىن ئويۇشما بىرگە ياشاۋاتقان ئۇممەتتىن
ئۆزىنى باشقا دەپ ھېساپ قىلماسلىقى، بەلكى ئۆزىنى شۇ
ئۇممەتنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېساپلىشى لازىم. چۈنكى ئادەم-
لەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش مۇسۇلماندۇر. ئويۇشما ئەزالىرى
ئىسلامنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىۋاتقان بولسىمۇ
مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەرسىدىن ئەۋزەل ئەمەس. لېكىن ئۇلار
مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئالغان
ھەمدە اللەنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىش ۋە

ئىسلام ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى كۆتۈرۈش-
تىكى جاۋابكارلىقى ئېغىر بولغان كىشىلەردۇر. ئىسلامىي
ئويۇشما كىشىلىرى بىلىشى كېرەككى، ئۇلار ئۇممەت ئىچى-
دە ئىش ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا ئۆزلىرىنىڭ
سانلىرى قانچىلىك كۆپ بولمىسۇن، ئۇممەتسىز ھېچقانداق
قىممىتىگە ئىگە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇھىم
ۋەزىپىسى ئۇممەت بىلەن بىرلىشىش، كۆرەشتە ئۇلار بىلەن
بىر سەپتە تۇرۇش ۋە ئىشنى ئېلىپ بارغۇچى ئۇممەتنىڭ
ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.
ئويۇشما ئۇممەتتىن ئاجرىلىپ قالغانلىقى ھەققىدە شۇبھە
پەيدا قىلىدىغان چوڭ ياكى كىچىك ھەرقانداق ئىش، سۆز
ياكى ئىشارەتتىن يىراق بولۇشى لازىم. چۈنكى بۇ ھالەت
ئۇممەتنى ئويۇشمىدىن ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ
ۋە ئويۇشمىنى جەمئىيەتنى ئويغىتىشتىن توسىدىغان قىيىن-
چىلىقلاردىن بىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇممەت بۆلۈنمەس بىر
پۈتۈن بولۇپ، ئويۇشما دۆلەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىش
ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ئۇممەت ۋە دۆلەت ئىچىدە ئىسلامنى
قوغدىغۇچى بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا ئۇممەتتە چەتكە ئېغىشنى
كۆرسە، ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىمانىنى ۋە بۈيۈك
ئۇممەت ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ئەگەر دۆلەتتە قىڭغىرلىق-
نى كۆرسە ئىسلام بۇيرىغان ئەمەللەر ئارقىلىق ئۇنى تۈزەش-
تە ئۇممەت بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن
ئويۇشما ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلامىي دەۋەت ئۆزىنىڭ تەبىئىي
يولىدا ئالاھىدە بىر شەكىلدە داۋام قىلىدۇ.

دېمەك، ئويۇشمىنىڭ غايىسى ئىسلام يۇرتلىرىدا ئىسلا-
مىي ھاياتنى قايتا باشلاش ۋە ئىسلامىي دەۋەتنى ئالەمگە



يېتىشىدۇر. ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان تەرەققىيات بولسا ھاكىمى-
يەتتۇر. ھاكىمىيەتكە يېتىش تەرەققىياتنىڭ بىر قىسمى بولسا
ئىسلامنى ئۆگىنىش، ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىش ھەمدە
ئىسلامىي شەخسىيەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىسلامىي ئەق-
لىيە بىلەن ئىسلامىي نەفسىيەنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە تەسىر
قىلىدىغان دەرىجىدە ئادەملەرنى ئىسلام بىلەن تەربىيەلەشتىن
ئىبارەت. شۇنىڭدەك ئىسلامنى ئۇممەتكە چۈشەندۈرۈش،
ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ھەقىقىتىنى ۋە ئىسلام ئۇلارنى ھەل
قىلىپ، ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ھەم-
دە ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىنى تەبەننى قىلغانلىقىنى ئۇممەتكە
چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇممەتكە تەسىر ئۆتكۈزۈشمۇ ھاكىمى-
يەتكە ئېلىپ بارىدىغان تەرەققىياتنىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇنىڭغا
قارىغاندا ئۇممەتكە تەسىر ئۆتكۈزۈش ۋە دەۋەت يولىدا كۆرەش
قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆگىنىشمۇ توختىماسلىقى كې-
رەك. ھىزبى ئويۇشمىنىڭ بۇ ئىشى سىياسىي ئىشتۇر.
ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئويۇشمىدا كۆزگە كۆرۈنگەن تەرەپ سىيا-
سىي تەرەپ بولۇشى زۆرۈر. چۈنكى بۇ ئىسلامغا دەۋەت
قىلىش باشلىنىدىغان ئەمەلىي يولدۇر. بۇ بولسا پەقەت سىيا-
سەتكە ياكى يالغۇز ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزىگە دەۋەت قىلىشنى
بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى ئىسلامغا ۋە ئىسلامنى تەتبىق قىلىدىغان
ھەمدە ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىسلامىي دۆلەتنى
ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇكەممەل ھالدىكى ھاكىمىيەتكە
ئېرىشىش يولىدا سىياسىي كۆرەشكە دەۋەت قىلىشنى بىلدۈ-
رىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىي دەۋەتنى ئېلىپ بارغۇچى
ئويۇشما سىياسىي ئويۇشما بولۇشى لازىم. ئۇ روھى ئويۇشما،
ئەخلاقى ئويۇشما، ئىلمى ئويۇشما، تەئلىمى ئويۇشما ۋە

شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيۇشمىلاردىن بولماسلىقى، بەلكى سىيا-
سىي ئۇيۇشما بولۇشى كېرەك. شۇنىڭغا ئاساسەن ھىزبۇت-
تەھرىر، ئىسلامىي ھىزب بولغان ھالدا، سىياسىي ھىزب-
دۇر. ئۇ سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. سىياسىي جەھەت
روشەن نامايەن بولىدىغان ئىسلامىي ساقايەت بىلەن ئۈممەتنى
تەربىيەلەش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. مۇستەملىكە ۋە
ئۇنىڭ مالايلىرى ئوقۇغۇچىلار ۋە خىزمەتچىلەرنى سىياسەت-
تىن مەنئى قىلىش ھەمدە ئاممىنى سىياسەتتىن يىراقلاشتۇ-
رۇشقا ھەرىكەت قىلىشلىرىنى قاتتىق ئىنكار قىلىدۇ. ئادەم-
لەر سىياسەتتىن چوڭقۇر خەۋەردار بولۇشى ۋە ئۇلاردا سىيا-
سىي تەربىيە ئېنىق كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇشى زۆرۈر، دەپ
بىلىدۇ. ئىسلام سىياسەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىنى ھەمدە
ئىسلامدىكى سىياسىي قانۇنلار ئۇنداق - مۇنداق نەرسىلەردىن
ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش سىياسىي ئىش دەپ ئېتى-
بار قىلىنمايدۇ. بەلكى سىياسەت ئۈممەتنىڭ بارچە ئىچكى
ۋە تاشقى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارنى پەقەت ئىسلامىي
ئاساستا يۈرگۈزۈش، بۇ نەرسىلەر دۆلەت تەرىپىدىن ۋە دۆلەت-
نى مۇھاسىبە قىلىدىغان ئۈممەت تەرىپىدىن بولۇشىدۇر. بۇ
ئىشلار ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ھىزب ئۈممەت ئىچىدە ۋە
ھاكىمىيەتتە بۇ ئىشلارنى قولغا ئېلىشى زۆرۈر. شۇنىڭ
ئۈچۈن ھىزب ئىسلامغا دەۋەتنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بارى-
دۇ. ئۈممەتكە ھايات مۇئامىلىرىنى مۇئالىجە قىلىدىغان
شەرئى ھۆكۈملەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، يالغۇز ئىسلام بىلەن
ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. مۇستەملە-
كىچى كاپىرغا قارشى ئۇنى تېگى - تۈمۈرى بىلەن قومۇرۇپ
تاشلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مۇستەملىكە مالايلىرىغا



قارشى ئۇلارنى ئاياپ قويماي-كۈرەش قىلىدۇ. مەيلى ئۇلار
مۇستەملىكىچىلەرنىڭ پىكرىي يېتەكچىلىكى ۋە مەبدەئلەرنى
تارقىتىشۋاتقان، مەيلى ئۇنىڭ سىياسىتى ۋە پىكىرلىرىنى قو-
بۇل قىلىشۋاتقان بولسۇن.

ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش ۋە بۇ يولدا سىياسىي كۈرەش
ئېلىپ بېرىش ھىزب ئۆزىگە ماجال (پائالىيەت مەيدانى)
قىلىپ بەلگىلىگەن جەمئىيەتتە بولىدۇ. ھىزبۇتتەھرىر بۇ-
تۈن ئىسلام ئالەمىدىكى جەمئىيەتنى بىرلا جەمئىيەت دەپ
ئېتىبار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بارچە مەسىلىسى بىرلا، يەنى
ئىسلام مەسىلىسىدۇر. لېكىن ھىزب ئەرەب يۇرتلىرىنى
ئىسلامىي يۇرتلارنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە باشلىنىش نۇقتى-
سى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ھىزب بۈيۈك ئىسلامىي دۆلەتنىڭ
غولى سۈپىتىدە ئەرەب يۇرتلىرىدا ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ۋۇ-
جۇتقا كېلىشىنى بۇ يولدىكى تەبىئى قەدەم دەپ بىلىدۇ.

ئىسلام ئالەمىدىكى جەمئىيەت ئۇتە يامان سىياسىي ھا-
لەتتە بولۇپ، ئۇ غەرب دۆلەتلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مۇس-
تەملىكە قىلىنغاندۇر. ئۇنىڭدا مۇستەقىللىق بەلگىلىرى كۆ-
رۈنۈۋاتقان بولسىمۇ تېخىچە مۇستەملىكە بولۇپ كەلمەكتە.
ئۇ كاپىتالىستىك دېموكراتىك پىكرىي يېتەكچىلىككە پۈتۈنلەي
بويسۇنغاندۇر. ئۇنىڭغا ھۆكۈم ۋە سىياسەتتە دېموكراتىك
قانۇنلار، ئىقتىسادتا بولسا كاپىتالىستىك نىزام تەتبىق قى-
لىنماقتا. ھەربىي ساھەدە: قورال - ياراق، ھەربىي تەييارلىق
ۋە باشقا ھەربىي پەنلەردە ئۇنىڭ تېزگىنى ئەجنەبىيلەرنىڭ
قولىدا. تاشقى سىياسەتتىمۇ ئۇنى مۇستەملىكە قىلىپ تۇر-
غان ئەجنەبىي سىياسەتكە تەۋەدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتالاي-
مىزكى، ئىسلام يۇرتلىرى ھامان مۇستەملىكە بولۇپ، بۇ



www.uyghurkitap.com

يۇرتلاردا مۇستەملىكچىلىك ھازىرغىچە ئورۇنلىشىپ تۇرماقتا. چۈنكى مۇستەملىكچىلىك زەئىپ خەلقلەردىن ئۆز مەنپەئەتى يولىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەئرىپىي ھۆكۈمرانلىقنى مەجبۇر قىلىشتۇر. ئۇ ئۆز پىكرىي يېتەكچىلىكىنى مەجبۇرلاش ۋە بۇ پىكرىي يېتەكچىلىكنىڭ ھايات ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنى ئورنىتىش ئۈچۈن بارچە كۈچلەرنى ئىشقا سالماقتا. مۇستەملىكچىلىكنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى مەغلۇپ مەملىكەتنى غالىپ مەملىكەت يەرلىرىگە قوشۇۋېلىنىشى، مۇستەملىكە يەرلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ۋە نامىدا مۇستەقىل، ئەمەلدە بولسا مۇستەملىكچى دۆلەتكە بويسۇندىغان ھۆكۈمەتلەرنى بەرپا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلامىي يۇرتلاردىكى ۋاقە شۇنداق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەرب ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنغان بولۇپ، مەئرىپىي ساھەدە غەرب مۇستەملىكچىلىكى پروگراممىلىرىغا مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلماقتا. ئىسلام يۇرتلىرى غەرب مۇستەملىكچىلىكىگە بويسۇنغانلىقى بىلەن بىرگە رۇس باسقۇنچىلىقىنىڭمۇ نىشانىدا تۇرماقتا. چۈنكى رۇسىيە بۇ يۇرتلاردا ئۆزىنىڭ مالايلىرى ئارقىلىق كوممۇنىستىك ئەقىدىنى ئادەملەر قوبۇل قىلىشلىرى ئۈچۈن كوممۇنىستىك مەبدەئگە دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ پىكرىي يېتەكچىلىكىنى ۋە ھايات ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرىنى ھۆكۈمران قىلىش مەقسىتىدە ئىش ئېلىپ بارماقتا.

شۇنىڭغا ئاساسەن ئىسلام يۇرتلىرى غەربىي دۆلەتلەرنىڭ مەستەملىكىسى، ئەجنەبىي پىكرىي يېتەكچىلىكى ئۈچۈن سەھنە ۋە رۇسىيەنىڭ كۆز تىككەن ھەممە ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋېلىشنى مۆلچەرلىگەن يېرىدۇر. بىراق بۇ ھۇجۇمدىن



مەقسەت بۇ يۇرتلارنى مۇستەملىكە قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئىسلامىي يۇرتلاردىن كوممۇنىستىك يۇرتلارغا ئايلاندۇرۇش ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنى ئىسلامنىڭ ئىزنى قالمايدىغان كوممۇنىستىك جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشدۇر.

دېمەك، سىياسىي پائالىيەت ئەجنەبىي پىكىر يېتەكچىلىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مەۋجۇت مۇستەملىكچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ھەممە يۇرتلىرىمىزنى مۆلچەرلەۋاتقان ئەجنەبىي باسقۇن خەتەردىن ساقلىنىشقا ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بىرىلىشى لازىم. ئەمما رۇس ھۇجۇمىنىڭ خەتەرى مەۋجۇت بولسىمۇ، سىياسىي جەھەتتىن ھازىرغىچە سېزىلغىنى ئەمەس. بۇ خەتەر كوممۇنىستىك پىكرىي يېتەكچىلىكنى بۇ يۇرتلارغا تارقىتەۋاتقان ھەممە غەرب مۇستەملىكچىلىكى تەرىپىدىن بىزگە يېتىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي زۇلۇمىدىن ئۇشبۇ پىكرىي يېتەكچىلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە پايدىلىنىۋاتقان تەشۋىقاتچىلىرىغا چېگرىلانغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب مۇستەملىكچىلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىش رۇس ھۇجۇمى خەتەرىگە قارشى كۈرەشكە ئېلىپ بارىدۇ. ئىسلامىي دەۋەتنى توغرا ھالدا كۆتۈرۈپ چىقىش بولسا ئەجنەبىي پىكرىي يېتەكچىلىكلىرىنىڭ خەتەرىگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ. دېمەك، غەرب مۇستەملىكچىلىكىگە قارشى كۈرەش سىياسىي كۈرەشنىڭ بۆلۈك تېشى بولۇشى لازىم.

سىياسىي كۈرەش، ئەجنەبىلاردىن كەم بولىشىدىن ھەئىنىزەر ۋە قايسى ساھەدە بولمىسۇن ياردەم سورىماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەرقانداق ئەجنەبىيدىن سورالغان سىياسىي ياردەم ۋە ئەجنەبىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش ئۈمىدىگە نىسبەتەن

خىيانەت دەپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، سىياسىي كۆرەش ئىسلام ئالىمىدە ئىچكى ۋۇجۇدنى توغرا شەكىلدە تىكلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ مۇمتاز ۋۇجۇد ۋە يۈكسەك جەمئىيەتكە ئىگە بولغان ئالەم شۇمۇل كۈچكە ئايلىنىدۇ. بۇ كۈچ ئالەمگە ئىسلامىي دەۋەتنى يېيىش ۋە ئالەم يېتەكچىلىكىنى ئۆز قولىغا ئېلىش مەقسىتىدە ئىككىلا لاگېردىن تەشەببۇسكارلىقنى تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. سىياسىي كۆرەش، شۇنىڭدەك غەرب نىزام ۋە قانۇنلىرى، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ بارچە كۆرۈنۈشلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەممە غەربنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن ئىلمى، مالىيە، ياكى سىياسىي بارچە لايىھەلىرىنى، خۇسۇسەن بېرىتانىيە (ئەنگلىيە) ۋە ئامېرىكا لايىھەلىرىنى رەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە غەرب دۇنيا قاراشنى پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق بۇ نەرسە مەدەنى شەكىللەرنى تاشلاش دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى مەدەنىيەت ئىلىم ۋە سانائەتتىن كېلىپ چىققان بولسا ئېلىنىشى لازىم. سىياسىي كۆرەش، شۇنىڭدەك ئەجنەبىي پىكرىي يېتەكچىلىكنى تېگى - تۈمۈرى بىلەن قومۇرۇپ تاشلاشنى ھەممە ئىسلامىي نۇقتىئىنەزەرگە زىت بولغان ئەجنەبىي مائارىپلارنى چۆرۈپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىلىمنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىش مەناسىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى ئىلىم ئالەم شۇمۇل بولۇپ، قايسى تەرەپتىن بولسىمۇ ئېلىنىشى لازىم. چۈنكى ئىلىم ھاياتتىكى ماددى تەرەققىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرىدۇر.

سىياسىي كۆرەش نۇۋەندىكلەرنى بىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ:



www.uyghurkitap.com

غەرب مۇستەملىكىچىلىرى، خۇسۇسەن بېرىتانىيەلىكلەر ۋە ئامېرىكىلىقلار ئۆز نۇپۇزى ئاستىدا بولغان ھەربىر يۇرتتا جاھالەتپەرەس ۋە قالاق شەخسلەر، سىياسەتچىلىرى ۋە پىكرىي يېتەكچىلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگۈچىلەر ھەمدە ھۆكۈمران گورۇھلاردىن بولغان مالايلارغا ياردەم بېرىشكە تايىنىدۇ؛

بۇ ئىسلامىي ھەرىكەتنى توختىتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۆلكىلەردىكى مالايلارغا ياردەم بېرىشكە ئالدىراپ ماڭىدۇ؛ ئۇنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا پۇل ۋە باشقا زۆرۈر بولغان بارچە ۋاسىتىلەر بىلەن ياردەم بېرىدۇ؛

مۇستەملىكىچىلەر مالايلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ ئىسلامىي ئازاتلىق ھەرىكىتىگە قارشى تەشۋىقات بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى تۈرلۈك تۆھمەتلەر بىلەن ئەيىپلەيدۇ. مەسىلەن: «بۇ ھەرىكەت مۇستەملىكىچىلەرگە ياللانغان»، «ئىچكى پىتنىلەرنى قوزغاتقۇچى»، «پۈتۈن ئالەمنى مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن قىلىپ قويغۇچى»، «بۇ ھەرىكەت ئىسلامغا زىت» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۆھمەتلەر بىلەن ئەيىپلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچىلار مۇستەملىكىچىلىكنىڭ سىياسىتى ۋە ئۇسلۇبلىرىنى ياخشى بىلىۋالغان بولىشى لازىم. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مۇستەملىكىچىلىك پىلانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا پاش قىلىدۇ. چۈنكى، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ پىلانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېچىپ تاشلاش سىياسىي كۆرەشنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھىزبۇتتەھرىر ئىسلامىي ئۆلكىلەرنى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ بارچە تۈرلىرىدىن ئازات قىلىش ئۈ-

چۈن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى
تېنىمسىز كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن ئۇ پەقەت مۇستەمە-
لىكىچىلىكنىڭ چىقىپ كېتىشىنى ۋە ساختا مۇستەقىللىقنى
تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى مۇستەملىكىچى كاپىر ئورناتقان بار-
چە شەكىللەرنى تېگى - تۈمۈرىبىلەن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈ-
چۈن ھەربىي، پىكرىي، مەرىپى، ئىقتىسادىي ياكى باشقا
باسقۇنچىلىقىدىن ئىسلامىي يۇرتلارنى، بىلىم يۇرتلىرى ۋە
پىكىرلەرنى ئازات قىلىش ئارقىلىق ئىش ئېلىپ بارىدۇ.
پۈتۈن ئالەمگە ئىسلام رىسالىتىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىسلامىي
دۆلەتنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باش-
لاش ئۈچۈن ھىزىب مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ھەرقانداق شەك-
لىنى مۇداپىئە قىلغۇچى كىشىلەرگە قارشى كۈرەش قىلە-
دۇ.

بۇ چوڭ ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن اللەدىن ئۆز
ياردىمى بىلەن بىزگە مەدەت بېرىشىنى سوراپ، ئۇنىڭغا
ئىلتىجا قىلىمىز.
الله ئىشتكۈچى ۋە دۇئالارنى قوبۇل قىلغۇچى زاتدۇر.

تامام